ھايات دەستۇرى مەجمۇئە



# قىزلار ۋە سۆيگۈ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى

# قىزلار ۋە سۆيگۈ

تۈزگۈچى : ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

女人与爱情：维吾尔文/吾布力阿西木·卡斯木编
.一乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.2
(健康快车系列人生指南丛书)
ISBN 978-7-5466-1303-1

Ⅰ.①女 … Ⅱ.①吾… Ⅲ.①女性 一 爱情 一 通俗读物
一 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.① C913.1-49

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۇچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەنا باقى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۇچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت لايىھەلىگۇچى: ئاينىسا ئوبۇل
بەت ياسىغۇچى: مەرپۇغە ئوبۇل

ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى

قىزلار ۋە سۆيگۈ

تۈزگۈچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
* * *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.875
2013 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1303 - 1
باھاسى: 24.00 يۈەن

## كىرىش سۆز

كىشىلىك ھاياتتا ئادەم نېمىگە يولۇقمايدۇ، نېمىلەرگە ئۇچرىمايدۇ دەيسىز؟ بۇ — پەرەز قىلىش، مۆلچەرلەش، ھەل قىلىش، جاۋاب بېرىش قىيىن بىر تېما، ئەمما بىز «ھايات دەستۇرى» ناملىق كىتابقا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، بىز يولۇققان، بىز ھەل قىلىشقا تەشنا بولغان، جاۋاب تاپالمايۋاتقان سوئال، مەسىلىلەرگە تېزلا جاۋاب تاپالايمىز. سىز قايسى نۇقتىدىن نەزەر سېلىڭ، قايسى تەرەپتىكى سوئالغا جاۋاب ئىزدەڭ، مۆلچەرلىگەندىنمۇ ياخشى، ئۆلچەملىك، جانلىق، قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز. شۇنداقلا يەنە ئۆزگىلەرنىمۇ رازى قىلىدىغان مەزمۇن، مەنە ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرىگە ئىگە بولالايسىز.

بىز ئۇزاقتىن بۇيان شۇنداق يەكۇن ۋە قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان نۇرغۇن مەزمۇن، ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، زامانىنىڭ تەرەققىياتى، تەقەززاسى بىلەن بۇ مەزمۇندىكى دۇردانىلەرگە تەكرار تەشنا، تەقەززا بولۇشتىن مۇستەسنا بولالماي كەلدۇق ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمەيمىز. كىشىلىك تۇرمۇش داۋامىدا بىز ھەر قېتىم روھىيىتىمىزنى سۇغىرىدىغان تەسەللى، بىلىم ۋە ئىقتىدار، پاراسەتكە تەشنا، تەقەززا بولغاندا، نەلەردىدۇ كۆرگەن، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە دەرھال تاپالمايدىغان ئۇگۇتلەر قايىنىمىغا شۇڭغۇپ باقىمىز. بىراق، ئۇنى دەرھال تاپالمايمىز، بۇنداق چاغدا ئۇھ سىنماي، كۆڭۈل يېرىم بولماي قالمايدۇ، ھەتتا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى بوش ھالەتتە قالىدۇ، سۇكۇت بىلەن روھىي غەمكىنلىك ئىچىدە مەيۇسلىنىپ قالىمىز تېخى! پەقەت بولمىغان

چاغدا ئىزدەش، ئىزدىنىشكە قەدەم قويىمىز ياكى ئىزدەپ بېقىپ توختاپ قالىمىز. تاپالمىساق، ئۆزىمىزگە تەسەللىنى ھەمراھ قىلىش بىلەن تەسكىن تاپىمىز.

قەلەم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزىدە شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى يازغۇسى كېلىدۇ ۋە شۇ ئەسەرلەردە باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئېسىل ئۇزۇندىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، يازماقچى بولغان ئەسىرىنى بېيىتقۇسى كېلىدۇ؛ بەزىدە ئەھمىيەتلىك يىغىلىش، سۆز قىلىش سورۇنلىرىدا ياخشى سۆز، ياخشى خۇلقا تەۋە بايانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، سۆزنىڭ ئۈرگۈسىنى، مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سورۇنغا جانلىنىش پۇرستى ئاتا قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ؛ ئۆي، مېھمانسارايلار ۋە تۈرلۈك پائالىيەت سورۇنلىرىنى مەزمۇنلۇق، دۇردانە سۆز، ھېكمەتلەرنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىش بىلەن بېزەشكە توغرا كېلىدۇ، بىراق دەل ۋاقتىدا، شۇ ھامان، ئەڭ مۇۋاپىق بولغانلىرىنى تېپىپ، شۇ ئۆي، شۇ تەپەككۇر، شۇ پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز مۇمكىن بولماي قالىدۇ، بەك ئەستايىدىل، قىزغىن ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىزدەنگەن چېغىمىزدىمۇ ئۇزاق ۋاقىت، كۆپ ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇگۈن بىز «ھايات دەستۇرى»نى ئاچىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ئېسىل دۇردانىلەرنى، بىز ئارزۇ قىلغان بارلىق مەزمۇن، ئۇقۇم، مەنىلەرنى، ھۆكۇم ھەمدە بۈيۈك ئابىدىلەردەك قىممەتلىك يادنامىلەرنى، ھاياتلىقنىڭ بىز ئويلاپ يېتەلمىگەن بايانلىرىنى تاپالايمىز.

سىز بەخت تۈيغۇسى سەزگەن ۋاقتىڭىزدا بۇ كىتابنىڭ بەختنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە بەخت يەكۈنلىرى ھەققىدىكى قۇرلىرىغا نەزەر سېلىپ قويۇڭ، ئۇ سىزگە بەختنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، بەخت پەيزىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۇزاق سۈرۈش ھۇزۇرى ھەققىدىكى دەستەكنى بېرىدۇ؛ قايغۇغا دۇچ كەلگەن چېغىڭىزدا، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ سەۋەبچىسى ۋە ئۇنىڭدىن

2

قۇتۇلۇش ھەققىدىكى بايانلارغا نەزەر سېلىڭ، ئۇ سىزگە روھىي ئوزۇق، روھىي ساغلاملىق ئاتا قىلىپ، ئاسايىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ سىز توسالغۇغا ئۇچرىغاندا، تۇرمۇش يولىدىكى توسالغۇلارنى قانداق يېڭىش، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى بايانغا نەزەر سېلىڭ، ئۇ سىزگە تەسەللىي بىلەن سەمىمىيەت، ئىرادە بىلەن پاراسەت بېرىپ، قانداق مېڭىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ تۇرلۇك ـ تۈمەن نەقىل ياكى بىرەر مەۋجۇت نەرسە ھەققىدىكى تەبىرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل دۇردانىلەر كۆزىڭىزنى تېخىمۇ نۇرلۇق قىلىۋېتىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ كىتابتىن سىزنىڭ ھايات ھەققىدىكى بارلىق ئىزدىنىشىڭىز ۋە ھايات كەچۇرمىشلىرىڭىزدە يەكۈنلەپ بولغان، ئەمما خاتىرىڭىزگە ئالالمىغان ھەممە تەرەپتىكى يەكۈنلەر تېپىلىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇ يەردە. «ھايات دەستۇرى» بىز بۇنىڭدىن كېيىن قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ئەڭگۈشتەر، ئۇ تۇرمۇشىمىزغا، ھاياتىمىزغا ماياك بولۇپ نۇر چاچقۇسى!

تەشكىللىگۈچىدىن
2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي

# تۇزگۇچىدىن

مەن 1975 ـ يىلى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمنى باشلىغان. 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، 2010 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت ئوقۇشنى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. ئەدەبىي ئىجادىيىتىمدە پايدىلىنىش، ئۆرنەك قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇغان كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىتلەردىكى نۇرغۇن ماقالە ـ ئەسەر، ھېكمەت، ماقال ـ تەمسىللەرنى خاتىرىلىۋالدىم. يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندا «يىگىتلەر ۋە مۇھەببەت»، «قىزلار ۋە سۆيگۈ» ھەققىدە، تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن «تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى» ھەققىدە، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن «ئاتا ـ ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش»، «ھايات ھەقىقەتلىرى» ھەققىدە، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن «ئادەم ۋە كېسەللىك» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ماتېرىياللارنى توپلىدىم، ھېكمەتلەرنى يىغدىم. كېيىن مەن بۇ ئەسەرلەرنى توپلەپ كىتاب قىلىپ ئائىلىدە قوللاندىم: ئايالىم، ئوغلۇم، قىزىم، نەۋرەم ئوقۇيدىغان، بەھرە ئالىدىغان بولدى. مەن ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىم ئۈچۈن مەنبە، بېزەك قىلدىم.

قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ لىدىرى، ساخاۋەتچى، مەرىپەتپەرۋەر، بىلىمگە خۇمار ئىبراھىم سەمەن ئەپەندىمنىڭ كىشىلىك ھايات، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادەم بولۇش يوللىرى ھەققىدە كىتاب تۈزۈش تەكلىپى بەرگەنلىكىنى دوستۇم ئابلەت جۇمە تۇپراقتىن ئاڭلاپ بەكلا سۆيۈندۈم. ئابلەت جۇمە تۇپراق بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، بىز ئىزدىگەن كىتاب دەل مۇشۇ، بۇ ئالاھىدە

قىممىتى ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار ئوقۇشلۇق بوپتۇ، نەشر قىلدۇرايلى، دېدى ۋە بىر قانچە مەزمۇننى قوشۇش، كونا قاراشلارنى چىقىرىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇ كىتابلارنى قايتا ئىشلەپ، سەككىز چوڭ مەزمۇن بويىچە تۈزۈپ تولۇقلاپ چىقتىم. بەزى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئېلىنغان مەنبەلىرىنى كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلىدىم، بەزىلىرىنى ئۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بىر يۈرەك قېنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئەسەر يېزىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار، خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بەرگۈچىلەر، شۇڭا بۇ كىتابلارنى تۈزۈش جەريانىدا مېنى ماقالە ـ ئەسەر مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن تور باشقۇرغۇچىلار، كىتاب تۈزگۈچىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. سەۋەنلىككە يول قويغان بولسام، كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي

# مۇندەرىجە

## مۇھەببەت ئۇلۇغ، سۆيگۈ قىممەتلىك

قىزلارنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى................1
قىزلاردىكى تۆت تەقدىر....................2
قىزلارنىڭ بەش تۈرلۈك سېھرىي كۈچى...............3
قىزلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بەش چوڭ ئىللەت...4
قىزلار ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تاللىغاندا ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك
بەش مەخپىيەت...........................5
قىزلارنىڭ ئوغۇللار ياخشى كۆرىدىغان ئالتە تەرىپى......7
قىزلار يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئالتە ئىشتىن ھەزەر ئەيلىشى
كېرەك.....................................8
يىگىتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئالتە چوڭ پەيت.........9
يىگىتلەر مۇنداق يەتتە خىل قىزنى ئاسان تاشلىۋېتىدۇ......10
يىگىتلەر ھەزەر ئەيلەيدىغان سەككىز خىل قىز..........12
قىزلارنىڭ سەككىز خىل ئىپادىسى...................12
يىگىتلەر مۇنداق توققۇز خىل قىزنى ياقتۇرمايدۇ.........13
قىزلارنىڭ يىگىتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشىدىكى توققۇز
تۈرلۈك ئەخلاقى..........................13
قىزلار ئۆگىنىپ قويۇشقا تېگىشلىك توققۇز خىل يالغان
گەپ.......................................14
ئېسىل سۈپەت خانىم ـ قىزلارنىڭ ئون چوڭ ئالاھىدىلىكى...15
قىزلارنىڭ يىگىتكە كۆڭلى بارلىقىنىڭ ئون خىل ئىپادىسى...17
يىگىتلەر مۇنداق توققۇز خىل قىزغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ

قويمايدۇ........................................19
قىزلار ئۆچرىششقا بارغاندا ساقلىنىشقا تېگىشلىك توققۇز مەخپىيەت........................................20
ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشەي دېسىڭىز بۇ ئون ئىشنى قىلماڭ........................20
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىدىكى قىز مۇنداق ئون تۈرلۈك شەرتنى هازىرلىغان بولۇشى كېرەك........................23
قىزلار بىلمەيدىغان 11 تۈرلۈك ئىش........................23
قىزلار بىلىشكە تېگىشلىك 14 تۈرلۈك ساۋات........................25
قىزلار ئوغۇللارنىڭ 15 تۈرلۈك مىجەز - خۇلقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك........................................26
قىزلار ئۆزىنى قوغداشنىڭ 15 تۈرلۈك ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك........................................28
دانىشمەنلەر قىزلارغا قىلغان 30 هېكمەت........................30
ئەقىللىق قىزلاردىن بولۇشىڭىزغا 50 تەكلىپ........................42

## قىزلار ۋە مۇهەببەت هەققىدە مۇهاكىمە هەم بايانلار

قىزلار بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى........................................48
زامانىمىز قىزلىرىغا نەزەر........................................53
قىز - ئاياللارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك گۆهىرى — ئىپپەت...57
قىز ۋە قىزلىق ئىپپەت توغرىسىدا!........................59
ئىپپەت زار - زار يىغلايدۇ........................................60
بىزگە قانداق قىزلار كېرەك........................................63
قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پىشسۇن........................................70
قىزلارنىڭ ۋاقتى ئەڭ قىممەتلىك........................................75
قىزلار تاللىق باغقا كىرىپ قالغاندا قانداق قىلىشى كېرەك...78
قىزلار دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن ئايرىلماڭ........81

قىز ـ ئايالىرىمىزنىڭ پاكلىقى نەدە.................87
قىزلار ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇپمۇ دۇنياغا يۈزلەنگىلى بولىدۇ...92
ئەي قىز ، قىممىتىڭىزنى جەمئىيەتتىن ئىزدىمەڭ..........96
قىزلار ئۆز قىممىتىنى ئۆزى ئاشۇرۇشى كېرەك..........100
ئەي قىز ، سىزنى سۆيىدىغان ئادەمنى قەدىرلەڭ............101
قىزلار يىگىتلەرنىڭ خەتەرلىك تەرىپىنى قانداق بايقىشى كېرەك.............................103
قىزلار يىگىتنى مۇھەببەتكە تويۇندۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك...105
توي قىلىش ھەرگىز ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس..........106
قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن ھەرگىز مۇنداق ئويلىماسلىقى كېرەك.............................108

## سۆيگۇ ۋە ھىجران بايانلىرى

ھاياتلىقنىڭ گۈلى بولغان قىز.........................111
ئەي قىز، ئانىڭىز سىزگە مۇنداق دېگەنمۇ؟...............112
ئەي قىز، سىز ئانا بولغاندا قىزىڭىزغا مۇنداق دەڭ.........113
بىر ئانىنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتى......................113
قىزچاق، ئانىڭىزنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ...115
قىزچاق مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز...................118
مۇھەببەت ئۈچۈن ھاياتىڭىزنى تەقدىم قىلالامسىز.........119
قىزلار ھەددىدىن زىيادە سەممىي بولۇپ كەتسە بولمايدۇ...121
دەردمەن قىزنىڭ ھەسرەتلىك ئىقرارى.......................123

## قىزلار تۇرمۇشى ۋە ئەخلاق مىزانلىرى

مۇھەببەت دوقمۇشلىرىدىن چىرايلىق ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىڭ...127
ئۇنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا بەك ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە يول قويماڭ.............................127

ئۆزىڭىزنى ئۆنىڭغا ئوخشاشلا ئالدىراش كۆرسىتىڭ........128
ئۆنىڭدىن كەلگەن تېلېفون ۋە ئۇچۇرلارغا ئالدىرىمايراق جاۋاب بېرىڭ........................130
ئۆنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ يات جىنسلىق دوستلىرىڭىز بارلىقىنىمۇ بىلدۈرۈپ قويۇڭ........................131
مۇھەببەتتە ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ئىشلار........132
مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزلار ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار........................133
قايسى خىل مۇھەببەت ئىشەنچسىز بولىدۇ........136
مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ...139
ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تاللىغاندا........................140
قايسى يىگىتنى تاللايسىز........................142
تۇرمۇش قۇرۇشتىن بۇرۇن بىلىشكە تېگىشلىك بەش مىزان...144
سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ قويۇڭ..........145
قىزلار ئۆتەلمەيدىغان سىناق........................145
قىزلار سورىسا بولمايدىغان سوئاللار........................147
ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشنى بەختلىك دەپ قارامسىز........148
كېلىن ـ قېيىنئانا مۇناسىۋىتىدە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر........................149
قېيىنئانا بىلەن كېلىننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش........................150
قېيىنئانىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتەي دېسىڭىز........152
قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ خىل خاتا قاراشتا بولماسلىقى كېرەك........................153

## تەسىرلىك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرى

بىر ئوچۇم قۇم ۋە ياتلىق بولۇش ئالدىدىكى قىز..........156
مۇھەببەت ۋە ئازاب..............................157
يېگانە قىز......................................158
ئاجرىشىش ئالدىدىكى ھېسابات......................159
ئازاب ۋە سۆيگۈ...................................160
مەخپىي نومۇردىكى مۇھەببەت.......................163
مۇھەببەتتىكى ئالتە ھەپتە، ئالتە ئاي ۋە ئالتە يىل........166
مېھىر ـ شەپقەت مۇھەببەتتىن ئۈستۈن..................168
سېسترا قىزغا كەلگەن خەت...........................169



## قىزلار مەڭگۈ گۈزەل بولسۇن

قىزلارنى زىلۋالاشتۇرىدىغان ئۈچ خىل ئۇسۇل............174
بىر كۈندە ئالتە خىل ئىش ئەمەلىيلەشسە قىزلار گۈزەل ھەم
ساغلام بولىدۇ.......................................177
خانىم ـ قىزلارنىڭ ئۇخلىشىدىكى سالامەتلىككە زىيانلىق تۆت
ھالەت...............................................178
خانىم ـ قىزلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق كىيىم ـ كې ـ
چەكلەر..............................................179
قىزلاردىكى گۈزەل قىياپەت شەكلى....................180
قىزلارنىڭ جەلپ قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى..........182
خانىم ـ قىزلار ئۇزۇقلۇق ئارقىلىق ئورۇقلاشنى قانداق قىلغاندا
تەبىئىي داۋاملاشتۇرالايدۇ............................183

خانىم ـ قىزلارنىڭ سەمرىپ كېتىشىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ..........183
ھۆسن تۈزەشنىڭ مەخپىي رېتسېپلىرى..........184
خانىم ـ قىزلار سەمىگە..........185

## قىزلار ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدە ھېكمەتلەر

قىز ـ يىگىتلەر ھەققىدە..........187
قىزلار ھەققىدە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى..........188
سۆيگۈ ھەققىدە..........190
مۇھەببەت ھەققىدە..........198
سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۇنچىلىرى..........199
قىزلار ۋە سۆيگۈ ھەققىدە ماقال ـ تەمسىللەر..........200
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار..........202

# مۇھەببەت ئۇلۇغ، سۆيگۈ قىممەتلىك

## قىزلارنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى

1. قىزلارنىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ، بۇ قىزلارنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى. قايسىدۇر بىر يازغۇچى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئەتىياز پەسلىدىكى شۇرمەلگە ئوخشاتقان. شۇڭا، قىزلار بىلەن ئارىلاشقاندا چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. مەقسەتسىز سادىر قىلغان بىرەر ئىشىڭىز ياكى دەپ سالغان بىرەر ئېغىز گېپىڭىزمۇ قىزلارنىڭ بىرمۇنچە ھەسرەت ياشلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.



ئەكسىچە، دەل جايىدا ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆز ئۇلارغا باھار ئاپتىپىدەك ئىللىقلىق يەتكۈزۈشىمۇ مۇمكىن. پەقەت چىن يۈرەكتىن چىققان مېھىر ـ مۇھەببەتلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدۇ.

2. قىزلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى، يىگىتلەردىكى جەسۇرلۇق، قەتئىيلىك، سېخىيلىق، بۇ قىزلارنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى. پسىخولوگلار قىزلارنىڭ كۆڭلىدە يىگىتلەرنى باشقۇرۇشقا بولغان تەقەززالىق ئەمەس، بەلكى باشقۇرۇلۇشقا بولغان ئىنتىزارلىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، سىز مىس ـ مىس، سۆرەلمە بولماي، ۋۇجۇدىڭىزدا ئەركەكلەرگە خاس جەسۇرلۇقنى يېتىلدۈرۈپ، خاسلىقىڭىزنى ۋە مۇستەقىل كۆزقارىشىڭىزنى ساقلاپ قېلىڭ، ھەرگىزمۇ «يۇمىلاق تاۋۇز» بولۇپ قالماڭ، بۇ قىزلار ئەڭ يىرگىنىدىغان ناچار قىلىق. ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى بار، زىيادە سېخىي بولماڭ، لېكىن بەك بېخىللىقمۇ قىلماڭ.

3. قىزلار يۇمۇرىستىك خاراكتېرگە ئىگە يىگىتلەرنى ياخشى

كۆرىدۇ، بۇ قىزلارنىڭ ئۆچىنچى ئالاھىدىلىكى. قىزلار مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى خۇشاللىق، خاتىرجەملىك. پەقەت يۇمۇرىستىك خاراكتېرگە ئىگە يىگىتلەرلا بۇ خىل ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، شۇڭا ئۇمىدۋارلىق بىلەن ھاياتنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈپ، غەم - قايغۇنى ئۆزىگىزگە يۇك قىلىۋالماڭ، جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن باتۇرلارچە ياشاڭ.

4. قىزلار گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، بۇ قىزلارنىڭ تۆتىنچى ئالاھىدىلىكى. گۈزەللىك تاشقى گۈزەللىك ۋە قەلب گۈزەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەلب گۈزەللىكى بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ۋە دۇنيا قارىشى، غايىسى، مىجەز - خاراكتېرى، ئەخلاق - پەزىلەتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سىز بۇ ئىككى خىل گۈزەللىككە ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك. دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى ئۇزۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇشكە تىرىشىڭ، ناچار قىلىق - ئادەتلىرىڭىزنى تاشلاپ زامانغا لايىق مەدەنىيەتلىك يىگىت بولۇڭ. يىگىت، مۇھەببەت سىرلىق ھەم غايىۋى بولىدۇ، ئۇ مەسئۇلىيەتچانلىقنى، ئەستايىدىللىقنى، سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇھەببەت قەسرىنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا، مۇھەببەت ئېكولوگىيەسىنى تەڭشەپ تۇرغۇچى پەقەت ئۆزىڭىز.

## قىزلاردىكى تۆت تەقدىر

1. قىزلار ئاق كۆڭۈل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان ئالدىنىدۇ.
2. قىزلار سەمىمىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان زىيانغا ئۇچرايدۇ.
3. قىزلار كۆڭۈلچەك بولغانلىقى ئۈچۈن بوزەك بولىدۇ.
4. قىزلار نادان بولغانلىقى ئۈچۈن خورلىنىدۇ.

# قىزلارنىڭ بەش خىل سېھرىي كۈچى

قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچى نەدە؟ ھازىرقى يىگىتلەرنىڭ نەزىرىدە قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچى — مىجەزى بىلەن تەقى - تۇرقى ئۆزئارا بىرلەشكەن گۈزەللىكتۇر.

قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، كېيىنكى تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مەلۇماتى ۋە تەربىيەلىنىشى قاتارلىقلار بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك.

1. خۇلق - مىجەزى. تۇنجى ئۇچراشقاندا، قىزلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى كۆپ ھاللاردا يىگىتلەرگە نىسبەتەن ھەممىدىن بەكرەك بىۋاسىتە جەزىبدارلىققا ئىگە بولىدۇ، مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يىگىتلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزاققىچە مەپتۇن قىلىدىغىنى — قىزلارنىڭ خۇلق - مىجەزىدۇر. قىزلارنىڭ بىرەر نازۇك ھېسسىياتى، بىرەر ئېغىز سۆزى يىگىتلەردە ئاسانلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم - كېچەكى ۋە گىرىمى يىگىتلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتەك ئۈنۈم بېرىدۇ، چۈنكى كىيىم - كېچەك ۋە گىرىم ئوخشاشمايدىغان تۈس ئالغان بولىدۇ.

2. زېرەكلىكى. زېرەك قىزلار يىگىتلەرنى ھامان ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ، پىكىر قىلىشقا ماھىر، كۆزقارىشىنى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تىرىشىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ بارىدىغان، باشقىلاردا تەسىر قالدۇرالايدىغان قىزلار تەبىئىيكى، يىگىتلەرنى ئاشۇنداق قىزلار بىلەن بىللە ئۆتۈشتەك ئارزۇ - ئۈمىدكە كەلتۈرەلەيدۇ.

3. سەزگۈرلۈكى. كۆپ ساندىكى يىگىتلەر سەمىمىي رەپىقە ۋە پەزىلەتلىك ئانا بولالايدىغان قىزلار بىلەن جورا بولۇشنى ئارزۇ قى-

لىدۇ ۋە ئاشۇنداق قىزلارغا موھتاج بولىدۇ. ھامان بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرىدىغان، مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز قىزلاردىن خورسىنىدۇ، تىرىشچان، مېھماندوست، ھازىرجاۋاب، باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتىدىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، پەزىلەتلىك، تۇجۇپىلەپ ئىش كۆرىدىغان ئاياللار بىلەن بىرگە ئۆتۈش كىشىگە ھامان ئەركىن ـ ئازادىلىك ۋە شاد ـ خۇراملىق ئېلىپ كېلىدۇ.

4. پاكىزلىقى. يىگىتلەر قىزلارنىڭ كىيىنىشىگە قاراپلا ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە سالاپىتىگە باھا بېرىدۇ. رەتلىك، پاكىز، ياراشقان ئۇستىباش كىشىنى ئازادە، چەبدەس كۆرسىتىدۇ، يېڭى پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەك ھەۋەسىڭىزنى قوزغايدۇ.

5. مۇستەقىللىقى. ھاياتنىڭ قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزغان، خىزمەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەيدىغان، باشقىلارغا تايىنىۋالمايدىغان، ئىنتىلىش ۋە ھەۋىسى كەڭ، تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتى كۈچلۈك قىزلار بىلەن جورا بولۇش تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقنى ۋە ھاياتىي كۈچنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك بۇنداق قىزلار يىگىتلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە مەپتۇن قىلىدۇ.

## قىزلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بەش چوڭ ئىللەت

1. ھەرىكىتى قوپال بولۇش. گۈزەللىك ئالدى بىلەن چىرايىڭىزدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لاتاپەت ھەرىكىتىڭىزدە ئىپادىلىنىدۇ.

2. ئوبرازىغا دىققەت قىلماسلىق. خىزمەتتە ئوبرازىغا دىققەت قىلماسلىق، يەنى رەتسىز ۋە بەك ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىش، يېرىم يالىڭاچ يۈرۈش ئاياللارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

3. تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ ۋە ئالدىراپ يېيىش. ئاياللارنىڭ تا-

ماق يېگەن چاغدىكى تۇرقى ئۇلارنىڭ تەربىيە كۆرگەن ـ كۆرمى-گەنلىكىنى بايقايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

4. ئاممىۋى سورۇنلاردا گىرىم قىلىش. ئاممىۋى سورۇنلاردا ئادەم بار ـ يوق دېمەي گىرىم قىلىش خانىم ـ قىزلارنىڭ ئوبرا-زىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

5. كۇلۇشنى بىلمەسلىك. قاچانلا قارىسا چىرايى تۇتۇلۇپ تۇ-رىدىغان تەلەتى سۈرۈن ئاياللار باشقىلار بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ ـ دە، ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ.

## قىزلار ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تاللىغاندا ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك بەش مەخپىيەت

بىرسىنى چۇشىنىشنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە قارىغاندا نەچچە ھەسسە قىيىن ھەم مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىڭىزدىكى بەزى يىگىتلەر پەقەت ئارىلىشىشقا ۋە دوست بولۇشقىلا لايىق بولۇپ، توي قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ تۆۋەندە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللاشقا ئەرزىمەيدىغان بەش خىل يىگىتنى تونۇش-تۇرۇپ ئۆتىمەن.

1. ئاغزىدا دائىم سىزنى ياخشى كۆرىمەن دەيدىغان، ئەمما سىز-نى ئەمرىگە ئېلىشقا ۋەدە بېرەلمەيدىغان يىگىتلەر.

سىلەر ئارىلىشىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇ سىزنى ياخشى كۆرد-دىغانلىقىنىلا تەكىتلەپ سىز بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىسا، بۇ ئۇنىڭ تېخى سىزنى ئۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كەتمەي-دىغانلىقىنى، ئىدىيەسىدە يەنىلا داۋالغۇش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۇ-رىدۇ. شۇڭا، بۇنداق يىگىتلەردىن بەك ئۈمىد كۈتۈشكە، ئۇلارنى ساقلاشقا ئەرزىمەيدۇ.

2. باغرى تاش يىگىتلەر.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ياكى سىزنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى تاپماق ئانچە تەس ئەمەس، ئەمما ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشىدىغان، بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھنى تېپىش ناھايىتى قىيىن. باغرى تاش يىگىتلەرنىڭ سىزگە كۆڭلى چۈشكەن ھامان ئۇلار ھەرقانداق تۇسالغۇلارغا قارىماي سىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ئوخشاشلا سىزدىن كۆڭلى قالغان ۋاقىتتىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي سىزنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار ئىشنى كەسكىن قىلىدۇ، ئەمما ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايدۇ. بۇنداق يىگىتلەرنى ئۆزىڭىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىسىڭىز، سىزدە مەڭگۈ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولمايدۇ.

3. قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قاچىدىغان يىگىتلەر.

يىگىتلەردە چوقۇم قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك، بەزى يىگىتلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن قاچىدۇ، بۇ بىر خىل شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى. يىگىتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي يىگىت، ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدۇ.

4. ئاغزىدىلا گېپى بار، ئەمەلىيىتى يوق يىگىتلەر.

ئادەملەرنىڭ قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەمما ئىشنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ قىلغاندىلا ئاندىن بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسى ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە، ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دەيدىكەنسىز، داۋاملىق تىرىششقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سىز كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزدا سىز بىلەن تەڭ كۈرەش قىلالايدىغان بىر يىگىتنى تېپىشىڭىز كېرەك. ئاغزىدىلا گېپى بار، ئەمما ئەمەلىيىتى يوق يىگىتلەر ئائىلە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

5. مېھىرسىز يىگىتلەر.

ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈنمەيدىغان يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، خوتۇن ـ بالىلىرىغا كۆيۈنۈشى ناتايىن، بۇنداق يىگىتلەرنىڭ كۆ- پىنچىسى شەخسىيەتچى، توڭ كېلىدۇ. مۇھەببەت بىلەن قېرىنداش- لىق مېھىر ـ شەپقەت كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئىللىقلىق، ئەڭ سەمىمىي ھېسسىياتتۇر. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىغان يىگىتتە بۇ خىل ھېسسىيات كەمچىل بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈش ناھايىتى خەتەرلىك.

قىسقىسى، قايسى خىلدىكى يىگىتنى ئۆزىڭىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىغان بولسىڭىز، شۇ خىلدىكى يىگىت بىلەن نىكاھ ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنى بىللە تاللىغان بولىسىز.

## قىزلارنىڭ ئوغۇللار ياخشى كۆرىدىغان ئالتە تەرىپى

1. ئوغۇللار قىزلارنىڭ گۈزەل، چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرى- دۇ، ئەمما بەك نازلىق بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ.

2. ئوغۇللار قىزلارنىڭ چۈشىنىشىنى، كۆيۈنۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما پۇلنى ياخشى كۆرۈشىنى ياقتۇرمايدۇ.

3. ئوغۇللار قىزلارنىڭ «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما كەلسە ـ كەلمەس دېيىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

4. ئوغۇللار قىزلارنىڭ ئۆزىنى يۆلەنچۈكىدەك ھېس قىلىشى- نى، بەختى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

5. ئوغۇللار قىزلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلغۇدەك يېتەرلىك ۋاقىت بېرىشىنى، ئىككىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما باللارچە بىرگە يۈرۈپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

6. ئوغۇللار قىزلارنىڭ كۆيۈمچان بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

## قىزلار يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئالتە ئىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك

ئەي قىز، يىگىتىڭىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالماي بىئارام بولۇۋاتامسىز؟ يىگىتىڭىزنىڭ زادى نېمىگە بۇنچىۋالا ئىچى پۇشىدىغانلىقىنى، ئاھ ئۇرىدىغانلىقىنى بىلگىڭىز بارمۇ؟ تۆۋەندىكىلەرگە نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ بېقىڭ، ئىشىنىمەنكى بۇلار مۇھەببەت يولىڭىز ئۈچۈن يېڭى بىر بۇرۇلۇش بولۇپ قالىدۇ.

1. ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىنى قىلالايدىغان، ئالاھىدە ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى يىگىتىڭىز سىزنى قانچىكى ياخشى كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا سىزنىڭ كىچىك پېئىل بولۇشىڭىزنى، ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇننى ساقلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدۇ.

2. قارشى تەرەپ بىلەن ھېسابلاشماڭ. بۇنداق دېگەنلىك سىز ئۇنىڭ بىلەن تاماقتا بىللە بولغاندا ھېساباتنى ئۇنىڭ قىلىشىغا يول قويۇڭ. چۈنكى قارشى تەرەپنىڭ نەزىرىدە سىز ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ھېساباتنى ئۈزۈۋەتسىڭىز قارشى تەرەپنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىققا باراۋەردۇر.

3. ئۆزىڭىزدىكى ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىشنى ئۇنتۇماڭ. چۈنكى يىگىتلەر ئۆزى بىرنەچچە ھەپتىگىچە كىيىم ئالماشتۇرمىسا كارى يوق يۈرۈۋېرىشكە رازىكى، سىزنىڭ ئازراقلا مەينەت كىيىمنى كىيىپ سىرتقا چىقىشىڭىزنى خالىمايدۇ. شۇڭا، مەيلى كىيىنىش ياكى گىرىم قىلىش جەھەتتە بولسۇن، ئىنتايىن رەتلىك، پاكىز بولۇشنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ.

4. كونا خامانني سورۇماڭ. قىزلار ئادەتتە يىگىتىدىن زەربە يېگەندە ئۇنى بۇرۇنقى سۆيگىنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئازابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىدىن ئى-

بارەت. چۈنكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇي ـ پەيلى، مىجەز ـ خاراكتېرى بولىدۇ. شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، يىگىتىڭىز ھەرگىزمۇ قەلبىڭىزدە سىلىشتۇرما ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ.

5. توختىماي كوتۇلداشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. قىزلار بىردىنبىر ئېسىدە ساقلايدىغان ئىش دەل يىگىتىنىڭ ئالدىدا تولا سۆزلەپ، كوتۇلداشتىن ھەزەر ئەيلەشتىن ئىبارەت.

6. قارشى تەرەپنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بەك سۈرۈشتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، بۇنداق بولغاندا يىگىتىڭىز ئاسانلا سىزدىن بىزار بولۇپ قالىدۇ.

مۇھەببەتلىشىش مۇساپىڭىزنىڭ تېخىمۇ راۋان بولۇشى، يىگىتىڭىزنىڭ مەڭگۈ ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ نېرى كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئۇسۇللارنى سىناپ كۆرۈڭ، سىزگە ئامەت تىلەيمەن.



## يىگىتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئالتە چوڭ پەيت

ھەممىمىزگە مەلۇم، قىزلار يىگىتلەرگە ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇھەببەت ئىزھار قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ «سېنى سۆيىمەن»، «سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم» دېيىش ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ تەس ئىش. ئۇنداقتا تۆۋەندىكى تاكتىكىلارنى ئىگىلەپ قويۇڭ، بەلكىم بۇنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى ئادىمىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە ياردىمى بولۇپ قالار.

1. يىگىتلەر مەلۇم ئىشقا نىسبەتەن ئىككىلىنىپ قالغاندا، قارار چىقىرالمىغاندا، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىڭ. ئامال بار بەرگەن مەسلىھەتىڭىز ئۇنىڭغا پايدىلىق بولسۇن. بۇ دەسلەپكى قەدىمىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. بەزى يىگىتلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى ماختايمەن دەپ گەپتە كەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنداق چاغدا سىز دەرھال

ئۇنىڭ كېيىنى قارشى تەرەپتىن چىقىپ ئىسپاتلاڭ ۋە باشقىلارغا شۇ گەپنىڭ ياخشى تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىڭ. بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ نەزىرى تەبىئىيلا سىزگە چۈشىدۇ.

3. ھەرقانداق ئادەم قىلغان ئىشنى باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن ھەممە ئىشنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇشى ناتايىن. ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ ماختانسا، گەرچە سىز ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىكى كەمتۈكلۈكنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ ئۇنى ماختاڭ، بۇ ئۇنى خۇشال قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئەسلىدە بۇ ئىشنى بۇنداق يول بىلەن قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىنى بايان قىلىڭ. بۇنداق بولغاندا ئۇ سىزنىڭمۇ بىر قابىلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىڭىزگە قايىل بولىدۇ.

4. بەزى يىگىتلەر ئىش قىلغاندا «بۇ ئىشنى مەندىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ» دەپ پو ئاتىدۇ ـ يۇ، ئاقىۋەت ئۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ. بۇنداق چاغدا ھەرگىزمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلماي، ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىڭ، قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ.

5. قارشى تەرەپ سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىڭ، بۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك تەدبىر.

6. ئامالنىڭ بارىچە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىڭ.

## يىگىتلەر مۇنداق يەتتە خىل قىزنى ئاسان تاشلىۋېتىدۇ

1. تەنتەك قىزلار: بۇ خىلدىكى قىزلار دەسلەپتە ئوغۇللارنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ، ھەتتا بىر مەزگىل ئارىلىشىپلا ئۇلارغا

مۇھەببەت تەكلىپى قويىدۇ. لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەنتەكلىكى يىگىتلەرنىڭ بىزارلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ. بۇ خىلدىكى قىزلار يىگىتنىڭ سۆيۈشى ۋە پەرۋاسىزلىقى ئىچىدە مەڭگۈ گاڭگىراپلا ئۆتىدۇ.

2. ھازازۇل قىزلار. بۇ خىلدىكى قىزلار يىگىتلەرنى ئەڭ ئاسان بىزار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادەم بار ـ يوق دېمەي، سورۇن تاللىماي ھازازۇللۇق قىلىشى يىگىتلەرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ.

3. ئۆزىنى دۇنيادا بىر دەپ چاغلايدىغان قىزلار. بۇنداق قىزلار چىراي گۈزەللىكىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. گەرچە ئۇلار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن ئادەتتىكىچە ئادەم بولسىمۇ، ئۆزىنى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار يىگىتلەرنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا يىگىتلەر بۇ خىل قىزلارغا ئۆتتەك قىزىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ئاسانلا بىزار بولۇپ قالىدۇ.

4. ھاڭۋاقتى قىزلار. بۇنداق قىزلارنى ياخشى كۆرگەن يىگىتلەر ئاسانلا پۇشايمان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقى، دائىم قارشى تەرەپكە يۆلىنىۋېلىشى يىگىتلەرنى بىزار قىلىدۇ.

5. ھۇرۇن قىزلار. جەمئىيىتىمىزدە بۇ خىلدىكى قىزلار بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇنداق قىزلار ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلاردا ھۇرۇنلۇق قىلغان بىلەن، ئۆزىنى ياساشقا ئىنتايىن چېۋەر. لېكىن بۇ خىل «چېۋەر»لىك يىگىتلەرنى ئاسانلا سەسكەندۈرۈۋېتىدۇ.

6. ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىك قىزلار. بۇ خىلدىكى قىزلار ئاسانلا يىگىتلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ. سەۋەبى يىگىتلەر قىزلارنىڭ يەنىلا ئۆزىگە تايىنىشىنى، ئۆزىدىن تۆۋەنرەك تۇرۇشىنى ياقتۇرىدۇ. شۇڭا ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىدىغان، قارشى تەرەپنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدىغان قىزلار يىگىتلەرنىڭ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

7. نەزەر دائىرىسى تار، مەيدانى ئېنىق بولمىغان قىزلار: بۇ خىلدىكى قىزلارنىڭ نەرسە سېتىۋالغاندا بولسۇن ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە بولسۇن، ئىش قىلىپ ھەممە ئىشتا مۇستەقىل مەيدانى بولمايدۇ، شۇڭا يىگىتلەر بۇنداق قىزلاردىن ئاسانلا بىزار بولىدۇ.

مۇھەببەت ئۆزگەرمەيدۇ، يىگىتلەر مەڭگۈ بىرىنگىلا بېرىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېيىش ئومۇميلىق ئەمەس. شۇڭا، يىگىتىڭىزنىڭ مىجەزى، خۇي ـ پەيلىگە قارىتا ئۇنى سۆيۈڭ، قېلىپقا سېلىۋالماڭ.

## يىگىتلەر ھەزەر ئەيلەيدىغان سەككىز خىل قىز

1. كونترول قىلىۋېلىش خاھىشى زىيادە بولغان قىزلار.
2. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان قىزلار.
3. غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدىغان قىزلار.
4. ھەممىنى بېشىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزۈشنى زىيادە تەكىتلەيدىغان قىزلار.
5. قاتتىق «ئىنتىزامچان» قىزلار.
6. زىيادە قىزغىن بولۇپ كېتىدىغان قىزلار.
7. ئانچە كۆيۈمچان ئەمەس قىزلار.
8. كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گىرىم قىلىدىغان قىزلار.

## قىزلارنىڭ سەككىز خىل ئىپادىسى

1. پۇلغا ھېرىس قىزلار چېچىنى ئويناشقا ئامراق كېلىدۇ.
2. پۇلنى چىڭ تۇتمايدىغان قىزلار تېلېفوندا ئۇزۇن سۆزلەشكە ئامراق كېلىدۇ.
3. پۇلغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزلار پۇلنى شاراقلىتىش-

قا ئامراق كېلىدۇ.
4. پۇل تېجەشكە ئامراق قىزلار قىمارۋاز ئەرگە ئۆچ كېلىدۇ.
5. پۇلغا ھېرىس قىزلار نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇنى كۆرۈپ، بۇنى كۆرۈپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ.
6. تۇرمۇشقا خام قىزلار ئويلانمايلا قىممەت نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىدۇ.
7. بېخىل قىزلار لاتا قونچاق يىغىشقا ئامراق كېلىدۇ.
8. ئېلىم ـ بېرىم كۆزقارىشى ئېنىق قىزلار رەتلىك، پاكىز كېلىدۇ.

## يىگىتلەر مۇنداق توققۇز خىل قىزنى ياقتۇرمايدۇ

1. ھاكاۋۇر قىزلار.
2. تىنىم تاپمايدىغان قىزلار.
3. چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان قىزلار.
4. خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىغان بىزەڭ قىزلار.
5. ئۆزىنى گۈزەل ھېسابلايدىغان قىزلار.
6. توي قىلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان قىزلار.
7. ھەسەتخور قىزلار.
8. زىيادە جىمغۇر قىزلار.
9. كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىرادىسى ۋە ئەقىدىسى يوق قىزلار.



## قىزلارنىڭ يىگىتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشىدىكى توققۇز تۈرلۈك ئەخلاقى

1. يىگىتىڭىزنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم قىلىڭ.
2. يىگىتىڭىزنى دوستلىرى بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىپ تۇ-

رۇشقا رىغبەتلەندۇرۇڭ.

3. يىگىتىڭىزنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى، كىيىم ـ كېچەكگە دىققەت قىلىڭ.

4. يىگىتىڭىزنىڭ كەيپىياتى ناچار چاغلاردا ئۇنىڭ قېشىغا بې-رىپ پاراڭلىشىڭ ياكى بولمىسا ئەڭ يۇمۇرلۇق شەكىلدە سوۋغا تەقدىم قىلىڭ.

5. تەشەببۇسكار بولۇپ يىگىتىڭىز بىلەن بەزى تەنھەرىكەت تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىڭ.

6. يىگىتىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ ۋە پىسخىك تەربىيە-گە ئائىت ياخشى كىتابلارنى تاللاپ سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلىڭ.

7. مۇمكىن بولسا ئۆزىڭىز پىلان تۈزۈپ، ئايدا بىر قېتىم قىسقا مۇساپىلىق ساياھەت ئۇيۇشتۇرۇڭ.

8. خىزمەتتە يىگىتىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئالغا يې-تەكلەڭ.



9. يىگىتىڭىزنىڭ ناتوغرا ئادەتلىرىنى بىۋاسىتە يۈزىگە سېلىپ ئۇنىڭ يىغىرىغا تەگمەي، چۈشىنىش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىڭ.

## قىزلار ئۆگىنىپ قويۇشقا تېگىشلىك توققۇز خىل يالغان گەپ

1. قىزلارنىڭ سۆيگەن ئادىمىگە دەيدىغان تۇنجى يالغان گېپى: سىزدىن ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلمايمەن.

2. دوستلىرىڭىزنى ياقتۇرىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە ئوخشاشلا ئېسىل.

3. ئۆيىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ بېرەي.

4. ئائىلىڭىزدىكىلەرنى بەكمۇ كۆرگۈم بار.

5. مەن تەنتەربىيەگە قىزىقىمەن.

6. ئويلاپ باقسام سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا ئىكەن.

7. چىرايلىق قىزلارغا تىكىلىش ئوغۇللارنىڭ ئادىتى، شۇڭا مەن سىزنىڭ باشقا قىزلارغا قارىشىڭىزنى كۆڭلۈمگە ئالمايمەن.

8. مەن سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىزگە قىزىقمايمەن، ماڭا مۇھەببىتىڭىزلا كېرەك، پۇلىڭىز بولمىسا نېمە بوپتۇ، پۇل دېگەننى تاپقىلى بولىدۇ.

9. بۇنداق ئىش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، بۇنچىلىك قايغۇرۇپ كەتمەڭ.

## ئېسىل سۈپەت خانىم ـ قىزلارنىڭ ئون چوڭ ئالاھىدىلىكى

ھازىر خانىم ـ قىزلارغا پۇلى بار، بىلىملىك، زىلۋا، چىرايلىق دەپ نام بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەرلەرنىڭ ئورتاق ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ باھا تولىمۇ ئاددىي، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، بۇ ئۆلچەمگە چۈشكەن خانىم ـ قىزلارنى ئېسىل سۈپەتلىك خانىم ـ قىزلار دەپ كېتىشكە بولمايدۇ. خانىم ـ قىزلارنىڭ ئېسىل سۈپەتلىكىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار. ئۇنداقتا قانداق خانىم ـ قىزلارنى ئېسىل سۈپەتلىك خانىم ـ قىزلار دەيمىز؟

1. گۈزەل چىراي ۋە فىگۇرا. گۈزەل چىراي ۋە فىگۇرا ئېسىل سۈپەت خانىم ـ قىزلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كوزۇرى. تاشقى گۈزەللىك بولمىسا قانداقمۇ روھىي، جىسمانىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلغىلى بولسۇن. گەرچە ھەممە خانىم ـ قىزلار تۇغۇلۇشىدىنلا چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە پەرداز قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە زۆرۈر تېپىلسا ھۆسن تۈزەش، شەكىل تۈزەش ئارقىلىق تاشقى قىياپەتنى گۈزەل قىلغىلى بولىدۇ. گۈزەل بولۇشنىڭ، گۈزەللىكنى سۆيۈشنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق.

2. ساغلاملىق. ھازىرقى ئەرلەرنىڭ ئوندىن توققۇزى قىلچە

ئىككىلەنمەستىن ساغلام خانىم ـ قىزلارنى تالLايدۇ. چۈنكى ئېسىل سۆپەت خانىم ـ قىزلار چوقۇم جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرۇشى شەرت. دەۋر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كېسەلمەن گۈزەللەرنى شاللىۋەتتى.

3. مۇستەقىللىق. خانىم ـ قىزلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولغاندىلا ئاندىن كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، مۇستەقىللىق ھەققىدە ئېغىز ئاچالايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەرلەرگە يۆلىنىپ قالغاندا قەدىر ـ قىممىتى بولماي قالىدۇ.

4. ئىقتىدار. ئېسىل سۆپەت خانىم ـ قىزلاردا تاشقى گۈزەللىكتىن باشقا يەنە جۇشقۇن روھ، كامىل ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇلار قۇرۇق تەشتەككە ئايلىنىپ قالىدۇ. گۈزەل تاشقى قىياپەت خانىم ـ قىزلارنى قۇياشتەك پارلىتىدۇ، ئىقتىدار بولسا خانىم ـ قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

5. مۇھەببەت. خانىم ـ قىزلار ھەرقانچە كۆزگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىم بولمىسا ئۇ يەنىلا بىچارە ھېسابلىنىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىناق ئۆتمىسە ياكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىللىق مېھىر ـ مۇھەببەت بولمىسا، ئۇلار ھەرقانچە گۈزەل، ئەقىللىك بولسىمۇ بەختلىك بولالمايدۇ. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشتا خانىم ـ قىزلارنىڭ مۇھەببىتى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

6. روھىي ھالەت. ئېسىل سۆپەت خانىم ـ قىزلارنىڭ روھىي ھالىتى تۇراقلىق بولۇشى، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسا تەمتىرەپ كەتمەسلىكى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، ئىشلارنى جايى ـ جايىدا قىلىشى، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشى، كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى لازىم.

7. نىكاھ. خانىم ـ قىزلار بەك چىرايلىق، ئاسماندىكى ئاي بولۇپ كەتسىمۇ، توي قىلىپ ئۆي تۇتقاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئايالLىق

قىممىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلالايدۇ. نىكاھ بىر قورغان، خانىم ـ قىزلارنىڭ پاناھگاھى. خانىم ـ قىزلار نىكاھتىن ئىبارەت قورغان ئىچىدە ھەم پاناھلىنىشنى ھەم بەختلىك ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

8. يۈز ـ ئابرۇي. يۈز ـ ئابرۇي خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن جاندەك مۇھىم. خانىم ـ قىزلار يۈز ـ ئابرۇي كېتىدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ سالغىنىدا مەڭگۈ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ.

9. ئاۋاز. ئاۋاز خانىم ـ قىزلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان يەنە بىر ۋاستە. بەزى خانىم ـ قىزلار بىلەن يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىشى خانىم ـ قىزلارنىڭ ئاۋازىنىڭ سىلىق، يېقىملىق بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. خانىم ـ قىزلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازدا دېگەن سۆزلىرىنى ئەرلەر رەت قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

10. پەزىلەت. پەزىلەتنى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ قولغا كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا كۈچ سەرپ قىلىپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇزاق مەزگىللىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ھەمدە ئۆزىنى ئۇزۇكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش ئاساسىدا بارا ـ بارا يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ.

17

## قىزلارنىڭ يىگىتكە كۆڭلى بارلىقىنىڭ ئون خىل ئىپادىسى

يىگىت بىلەن قىز ئارىلىشىش جەريانىدا، يىگىت قىزنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. تۆۋەندىكىلەر قىزنىڭ يىگىتكە كۆڭلى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۇچۇرلار ھېسابلىنىدۇ.

1. قىز دائىم ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يىگىتنى ئىزدەپ تۇرىدۇ.

2. قىز ھەمىشە يىگىتنىڭ ھالىتىگە سەپسېلىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوراشتۇ-رۇپ تۇرىدۇ.

3. قىز يىگىتنى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە، دوستلىرى ۋە خىز-مەتداشلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا ئالدىرايدۇ.

4. يىگىت نەتىجىگە ئېرىشكەندە، قىز يىگىتتىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭدىن بەكرەك قاي-غۇرىدۇ.

5. يىگىت بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەردە يىگىتنىڭ ھەربىر ئې-غىز سۆزى ۋە ئىشلىرىنى ئېنىق ئېسىدە ساقلايدۇ.

6. يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا يىگىتنىڭ نېمىنى ياقتۇرىدىغانلى-قىنى سوراپ تۇرىدۇ.

7. يىگىتنىڭ سىرتقى قىياپىتى ۋە كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش-كە قارىتا ئىنتايىن تېز ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

8. قىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىگىت ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. ئەگەر يىگىت ئۇ-نىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلمىسا، ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ.

9. قىزنىڭ ھەۋەس قىلىدىغىنى، قىزىقىدىغان نەرسىلىرى تەد-رىجىي ھالدا يىگىتنىڭكى بىلەن بىردەكلىشىدۇ، پەرق بولغاندىمۇ چاندۇرمايدۇ.

10. قىز يىگىتتىن خەت تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۆز ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرىدۇ. خەتنىڭ جاۋابىنى ھەرگىز ئىككى، ئۈچ كۈن كېيىنگە سۈرمەيدۇ (ئالاھىدە ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا).

ئەگەر قىزدا يۇقىرىقى ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئۇنىڭ يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، بۇ پەقەت ياخشى كۆ-رۈشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## يىگىتلەر مۇنداق توققۇز خىل قىزغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ

1. پالانى كۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، نېمە سوۋغا ئېلىپ بېرىسىز؟ تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشى ئۆيۈشتۇرۇپ بېرەمسىز ياكى تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشۇمغا قاتنىشىپ بېرەمسىز؟ دېگەندەك تەلەپلەرنى قويىدىغان قىزلار.

2. زىيادە تار، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىشتىن ئۇيالمايدىغان قىزلار.

3. ھەر خىل يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان قىزلار.

4. ئەر كىشىلەر (يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشقا) نىڭ كۆزىگە ئەيمەنمەي قارىيالايدىغان قىزلار.

5. مەھەللىسىگە بارغاندا ياغلىقىنى سومكىسىدىن ئېلىپ چىگىۋالىدىغان ياكى تەتىلدە ئۆيىگە قايتقاندا، بۇدۇر سېرىق چېچىنى تۈزلەپ قارىدىتىپ ئاندىن قايتىدىغان قىزلار.

6. ئوغۇل ساۋاقدىشى، ئوغۇل تونۇش ـ بىلىشلىرىگە تاماكا سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىدىغان قىزلار.

7. ھاراق ئىچىۋېلىپ مۇتىھەملىك قىلىۋاتقان «ھايۋان سۈپەت» لەرنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەيمەنمەي يۆلەپ يۈرەلەيدىغان قىزلار.

8. يېقىن ئەر تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىسىز كەچ سائەت 10 دىن كېيىنمۇ كوچىدا بەخىرامان يۈرەلەيدىغان قىزلار.

9. ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان قىزلار.

## قىزلار ئۇچرىشىشقا بارغاندا ساقلىنىشقا تېگىشلىك توققۇز مەخپىيەت

1. كېچىكىشتىن ساقلىنىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش.
2. قېنىق گىرىم قىلىشتىن ساقلىنىش.
3. گەپ ـ سۆزدە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش.
4. ئۇچرىشىشقا پۇل ئالماي بېرىشتىن ساقلىنىش.
5. كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سورۇنغا ماس كەلمەي قېلىشىدىن ساقلىنىش.
6. قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنىش.
7. ئائىلىسىدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرمەيلا ئۇچرىشىشقا كېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش.
8. ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن ساقلىنىش.
9. يېرىم كېچىگىچە ئۆيگە قايتماسلىقتىن ساقلىنىش.



## ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ قەدرىلىشىگە ئېرىشەي دېسىڭىز بۇ ئون ئىشنى قىلماڭ

سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان يىگىت بىلەن ئارىلىشىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلسىڭىز، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيسىز.

1. ئۆزىڭىزدە مەن باشقىلارغا قەتئىي ئوخشىمايمەن دەيدىغان ھېسسىياتنى شەكىللەندۈرمەڭ. مۇھەببەت ۋە نىكاھقا ئىشىنىڭ، ئەگەر مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، داۋاملاشتۇرالمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسىڭىز، كۆزىڭىزدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىڭ، بۇ ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس.

2. پاراڭلاشقاندا بەك تەشەببۇسكار بولۇپ كەتمەڭ. قارشى تەرەپنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز ئالدىراپ «كەچتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ بىللە سەيلە قىلىپ كېلەيلى» دېگەندەك قىزلىق غورۇرىڭىزنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى قىلماڭ. ئۇنداق بولمىغاندا، قارشى تەرەپنى ئۆزىڭىزگە ھەقىقىي جەلپ قىلالىغانلىقىڭىزنى ياكى ئۇنىڭ سىزگە ئەدەپ يۈزىسىدىنلا ماقۇل بولغانلىقىنى قانداق بىلەلەيسىز؟

3. ھېسسىياتقا بەك بېرىلىپ كەتمەڭ. قىزلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتكە باشقا ئوغۇللارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمەسلىكى كېرەك.

4. قارشى تەرەپكە قولايلىق بولىدىغان جايلاردىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماڭ. يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەۋەككۇلچىلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىككىڭلار بىرگە تاماق يېگەندە ئۇنىڭ پۇل تۆلىشىگە قارشى چىقماڭ، چۈنكى يىگىتلەر قىزلارنى قوغلىشىۋاتقان مەزگىلدە قىزلار ئۇچۇن پۇل خەجلەشنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارايدۇ، شۇڭا سىز بۇ ئىشتىن خىجىل بولماي، خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك. كېيىنچە مۇناسىۋىتىڭلار قويۇقلاشقاندا پۇرسەت تېپىپ كۆڭلىڭىزنى ئىپادىلەپ قويسىڭىز بولىدۇ.

5. تېلېفوندا پاراڭلاشقاندا سىز ئالدى بىلەن خوشلىشىڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز قارشى تەرەپكە ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان كەسكىن قىزكەن دېگەن تەسىراتنى بېرىسىز، شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ سىزگە بولغان قىزىقىشى ئاشىدۇ.

6. ئۇچرىشىش ۋاقتىڭىز بەك كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن. بەزى قىزلار يىگىتى قانداق ۋاقىتتا ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلسا، ھەرقانچە مۇھىم ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ بارىدۇ، بۇنداق بولۇۋەرسە يىگىتلەر ئېشىۋالىدۇ.

7. ئۇچراشقاندا بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بېرىڭ. گەرچە ئايرىلغىڭىز كەلمىسىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خوشلىشىڭ، بۇمۇ قارشى تەرەپنىڭ سىزگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى.

8. دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىلا ئۆزىڭىزنى تۇتقۇزۇپ قويماڭ. بەزى يېمەيدىغان مۇشۇك يوق، يىگىتلەر ئۇزۇندىن بۇيان ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان قىز بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئۆزىنى كونترول قىلالماي قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ۋاقىتتا سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە پىكرىڭىزگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

9. قارشى تەرەپكە يول كۆرسەتمەڭ. ئەگەر ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىسا، ئۇنىڭغا يول قويۇڭ، چۈنكى ئەرلەر نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قانداق قىلىش توغرىسىدا يول كۆرسەتمەڭ، ئۇ سىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا بولىدۇ.

10. ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ. ئەگەر سىز ناھايىتى بىلىملىك، ئەمما ئۆزىنى ئانچە تۇزەپ كەتمەيدىغان، دېسكو ئويناشنى خالىمايدىغان، ھېيت ـ بايراملاردا باشقىلار بىلەن دوستلىرىنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بارمايدىغان بىرىگە ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۇ سىزنى چىن دىلىدىن سۆيسىلا، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېسابلىسىڭىز بولىدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ، ئۇ كەمچىلىكلەر ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يىگىت سىزنى قارىتىپ قويۇپ باشقا قىزلار بىلەن ئىشەش تارتىشسا ياكى كۆڭلىڭىز يېرىم ۋاقىتتا سىزگە ئازراقمۇ ھېسداشلىق قىلمىسا، ئۇ چاغدا سىز مۇناسىۋىتىڭلارنى قايتىدىن ئويلىشىپ باقسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق يىگىتلەردە سىزنى ھۆرمەتلەش، سىزگە ياردەم بېرىش تۇيغۇسى كەمچىل بولىدۇ.

## يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىدىكى قىز مۇنداق ئون تۈرلۈك شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك

1. تەربىيە كۆرگەن بولۇش.
2. ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇش.
3. مۇلايىم بولۇش.
4. راستچىل، ئادىل بولۇش.
5. چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بولۇش.
6. ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش.
7. روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولۇش.
8. دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان بولۇش.
9. چىقىشقاق بولۇش.
10. مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان بولۇش.



## قىزلار بىلمەيدىغان 11 تۈرلۈك ئىش

1. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەر قارىماققا كۈچلۈكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆڭلى نازۇك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار يېنىدىكى قىزنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ياخشى دەپ بىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇشقا ئىنتىلىدۇ.
2. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاسانلىقچە ياش تۆكمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەرمۇ ياش تۆكىدۇ، ئۇلار ياش تۆككەندە، بىر مەزگىللىك مۇھەببەتكە خاتىمە بېرىدۇ.
3. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئازابلانغاندا تاماكا چېكىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەر قويۇق ئىس ئىچىدە ئۆتمۈشتىكى گۈزەل ۋاقىتلارنى ئەسلەپ، كۆڭلى تىنجىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.
4. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ كەتكەندىن كې-

يىنمۇ ئۆزلىرىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇنداق قىلىشى سىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى ئويلىغىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئىلگىرىكى مۇھەببەتنى قايتۇرۇۋالماقچى.

5. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يىغلاپ ـ قاقشىغانلىقىنى كۆرسە ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەر قىزلارنىڭ يىغىسىنى بالايىئاپەتنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ.

6. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ھەر ئاخشىمى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار مەست بولۇۋالمىسا، شۇ كىچىنىڭ ئەسلەش ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

7. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەردلەشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇنداق قىلىشى سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىزنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن.

8. قىزلار ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى سىزنى سۆيمىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش مۇساپىڭىزدە باشقىلارنىڭ شېرىن ـ شېكەر گەپلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكىڭىز ئۈچۈن.

9. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن لايىقىنىڭ بۇرۇنقى يىگىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكى ئەمەس، بەلكى لايىقىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى تاشلاپ، ئىلگىرىكى يىگىتىنىڭ قېشىغا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى.

10. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ، سوغۇق قانلىق بىلەن بۇنى چۈشەندۈرۈشنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيـ

دۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىنىشنى خالىغانلىقى ئەمەس، بەلكى قىز-نىڭ ئاغزىدىن زادى كىمنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئۈ-چۈن.

11. قىزلار ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «سىزنى سۆيىمەن» دېمەيدى-غانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەرلەر ئۆز مۇھەببىتىنى تىلى ئارقىلىق ئە-مەس، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## قىزلار بىلىشكە تېگىشلىك 14 تۈرلۈك ساۋات

1. باشلىنىشىدىنلا سىزگە ناچار مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن يى-گىتتىن ئايرىلىڭ، سىزگە كۆيۈنۈشنى بىلمىگەن يىگىت سىزنىڭ كۆڭۈل بېرىشىڭىزگە ئەرزىمەيدۇ!

2. سىزگە بىۋاپالىق قىلغان يىگىت ئۈچۈن ئازابلانماڭ، چۈ-شىنىڭكى ئازابلىنىۋەرسىڭىز يارىلىنىدىغىنى سىزنىڭ يۈرىكى-ڭىز، ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ!

3. بىر يىگىت سىزگە «ئايرىلىپ كېتەيلى» دېگەندە، ياش تۆك-مەڭ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىڭ!

4. 25 ياشتىن كېيىن تېرىڭىزنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاسراڭ!

5. مال ـ مۈلۈككە بېرىلمەڭ، ئۇ زەھەرلىك دورىغا ئوخشاش سىزنى خۇمار قىلىدۇ.

6. ئامال بار ھەر خىل رەڭلىك كىيىملىرىڭىز تولۇق بولسۇن، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سومكىلىرىڭىز ھەم بەش جۈپتىن ئارتۇق ئايىغىڭىز بولسۇن.

7. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.

8. سىز خالىغان ئادەمنى ياخشى كۆرسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرۈشىڭىز كېرەك، چۈنكى ئۆزىنىمۇ

ياخشى كۆرمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

9. كۆڭلىڭىز يېرىم ۋاقىتتا يىغلاپ بېرىدىغان ئادەمنى توغرا تاللاڭ.

10. ئۆيدىن چىقىشنىڭ ئالدىدا چوقۇم ئەينەككە قاراپ ئۆزىڭىزنى ئوبدان تۈزەشتۈرۈڭ.

11. ئەگەر بەزى سەۋەبتىن ھاراق ئىچىپ قالسىڭىز، باشقىلارغا ھەرگىز تېلېفون قىلماڭ، بولۇپمۇ يۈرگەن يىگىتىڭىزگە.

12. كېچىدە ئۆيىڭىزگە بالدۇر قايتىڭ، قىز بالىنىڭ كېچىدە سىرتلاردا يۈرۈشى تارىختىن ياخشى ئەمەس.

13. ئون ئىككى سائەت بىرلا ئادەمنى ئويلىماڭ، ئۆيدىكىلەرنى ياكى دوستلىرىڭىزنى ئويلاشقا ۋاقىت ئاجرىتىڭ.

14. بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسىڭىز، مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىڭ، گەرچە جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ئەھۋالدىمۇ، تىرىشىپ كۆرگىنىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلماڭ. كىم بىلىدۇ، كەلگۈسىدە پۇشايمان قىلىدىغان ئادەم ئۇ بولۇشى مۇمكىن...

## قىزلار ئوغۇللارنىڭ 15 تۈرلۈك مىجەز - خۇلقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك

1. قىزىل رەڭنى ياقتۇرىدىغان ئەرلەر قىزغىن، ئەمما ئاچچىقى يامان كېلىدىكەن.

2. كۆك رەڭنى ياقتۇرىدىغان ئەرلەر جىمجىتلىقنى، يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىكەن.

3. يېشىل رەڭنى ياقتۇرىدىغان ئەرلەر ئېھتىياتچان، سالماق، پەزىلەتلىك بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدىكەن.

4. ئاق رەڭنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەر ئەسەبىي (سەپرا)، ئەم-

مالىرىكا يارىتىشقا ماھىر كېلىدىكەن.
5. سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەر ئوچۇق ـ يورۇق، ئەمما ئازراق بالا مىجەز كېلىدىكەن.
6. چېچىغا ئايالللاردەك كۆيۈنىدىغان ئەرلەر ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، پەلىپەتىش، خەقنىڭ رايىغا بېقىشنى خالىمايدىكەن.
7. چوققىسىدا چېچى قالمىغان ئەرلەر ئۆزىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدىكەن، بىراق باشقىلارنى كۆپرەك ئويلايدىكەن.
8. گۆش بىلەن ياڭيۇغا ئامراق ئەرلەر تۇراقلىق، ئىشەنچلىك بولىدىكەن، ئەمما تەۋەككۇلچىلىكنى خالىمايدىكەن.
9. گۆشسىز تاماققا ئامراق ئەرلەر مۇلايىم، زىل كېلىدىكەن. باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىكەن ھەم بەك سەزگۈر بولىدىكەن.
10. مېۋىگە ئامراق ئەرلەر باشقىلارنى خۇشال قىلىشقا ماھىر ئىكەن.
11. ھاراققا ئامراق ئەرلەر قۇسۇرچى بولۇپ، باشقىلارنى خۇش قىلالمايدىكەن ھەم ئايالىغا تەلەپنى قاتتىق قويىدىكەن.
12. ماشىنىسى ئىككى سائەت توسۇلۇپ قالسىمۇ مىت قىلماي ئولتۇرىدىغان ئەرلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ. بۇ خىلدىكى ئەرلەر بىر بولسا غىلجىڭ، بىر بولسا بىكارچى.
13. ئېسىل ئاياغ كىيىپ، پاكىز يۈرىدىغان ئەرلەر كۆپىنچىسى غۇرۇرلۇق ئەرلەر بولىدىكەن، بىرەر ئىشتا پىرىنسىپچان بولىدىكەن، ئانىسىنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايدىكەن.
14. جانبازلىق تۇرىدىكى كىنولارنى كۆرۈشكە ئامراق ئەرلەر ئۆزىگە چۈشكەن بېسىمنى يۇمۇر بىلەن بوشاشتۇرالايدىكەن، ئاچچىقنى باشقىلاردىن چىقارمايدىكەن، بىراق مۇھىمراق ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن.
15. كىتاب كۆرۈشكە، ناخشا ـ مۇزىكىغا ئامراق ئەرلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىكەن، ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا تەرتىپ بويىچە قىلىدى-

كەن، سالاپىتىگە ۋە مۇھەببىتىنىڭ سۇپىتىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن.

## قىزلار ئۆزىنى قوغداشنىڭ 15 تۈرلۈك ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك

قىزچاق، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىسىڭىز، ھېچكىم سىزگە يامان نىيەتتە بولۇپ چېقىلىشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ.

1. ئۆزىڭىز ياخشى تونۇمايدىغان ئوغۇللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماڭ. ئەگەر ئۇنداقلار بىلەن باردى ـ كەلدىڭىز قويۇق بولۇپ قالسىلا، مۇھەببەت يولىغا كىرىپ قالىسىز ـ دە، بۇ ئىپپەتنى يوقىتىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدۇ.

2. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، يېنىك، شاللاق قىزلار بىلەن ئارىلاشماڭ. ئۇنداقلارغا ئارىلاشسىڭىز ئۇلارنىڭ يامان قىلىقلىرى يۇقۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزىڭىزمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالىسىز.

3. ئىشق ـ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇماڭ. ئوغۇللار بىلەن بىرلىكتە شەھۋانىيلىق تەسۋىرلەنگەن سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرمەڭ ياكى شەھۋانىي سۆز ـ ھېكايىلەرگە قۇلاق سالماڭ.

4. بىرەر يەرگە ئولتۇرۇشقا بارسىڭىز هاراق ئىچمەڭ. بولۇپمۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتمەڭ. بولۇپمۇ قىز ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماڭ.

5. ئۆزىڭىز يالغۇز بويتاقلارنىڭ ئىشخانىسىغا ياكى ئۆيىگە ئىزدەپ كىرمەڭ.

6. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىڭىز يالغۇز كېچىدە سىرتلاردا يۈرمەڭ. تونۇمايدىغان ئەر كىشى بىلەن خالىتا كوچىلاردا بىللە

ماڭماڭ. بەزى تاپتىن چىققان ھەرىكەتلەرگە ئۇچرىسىڭىز دەرھال ئۇنى ئەيىبلەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يىراق كېتىڭ.

7. تونۇمايدىغان ئەر كىشىدىن يول سورىماڭ ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭماڭ. تونۇمايدىغان ئەر كىشى يول سورىسىمۇ ئۇنىڭغا يول باشلاپ ماڭماڭ.

8. ئۆزىڭىز يالغۇز ئۆيدە قالغاندا ئالدىراپ ئىشىك ئاچماڭ. بولۇپمۇ كەچتە مەيلى تونۇمايدىغان ئادەم بولسۇن ياكى قوشنىڭىز بولسۇن قارشى تەرەپكە ئىش بولسا ئاتا ـ ئانىڭىز كەلگەندە ئېيتىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇڭ.

9. بەك قىزغىن بولۇپ كەتكەن ئەرلەردىن ھوشيار بولۇڭ. ئۇنىڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قايمۇقۇپ قالماڭ، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، يېشىنىڭ چوڭلۇقى ياكى باشلىق بولۇشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

10. ئائىلىڭىزدە بېقىۋالغان دادىڭىز ياكى ئۆگەي دادىڭىز ئەدەپسىزلىك قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئانىڭىزغا ئېيتىڭ، ئەگەر ئانىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئامالى بولمىسا، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىڭ.

11. ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ سىزنى داخان، پېرىخون ياكى تېۋىپلارنىڭ خالىي ئورۇندا «داۋالاپ قويۇشى» غا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىگە ئىتائەت بىلەن بويسۇنۇپ تۇرماڭ.

12. ياز كۈنلىرى ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا ياكى ئەر كىشىلەر بار خالىي مۇھىتتا، ياكى كېچىسى يول مېڭىشقا توغرا كەلگەندە ئەڭ ياخشىسى بەدىنىڭىز ئېچىلىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيمەڭ.

13. تونۇمايدىغان ئەر كىشىنىڭ ماشىنىسىغا چىقماڭ.

14. باغچىدىكى دەرەخزارلىق، سۈنئىي تاغ قاتارلىق خالىي جايلارغا ياكى يېزا ئەتراپىدىكى دەريا بويلىرىغا، دەرەخ ئاستىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇماڭ، دەرس تەكرارلىماڭ.

15. ھەرقانداق جايدا ئەر كىشىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىراڭ، بولمىسا قىچىپ كېتىڭ، زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ بوزەك بولماڭ، ھەر ئامال قىلىپ قارشىلىق بىلدۈرۈڭ.

## دانىشمەنلەر قىزلارغا قىلغان 30 ھېكمەت

1. ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزەللىكى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورانغىنىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ قىزلار قەلەم قاش، شەھلا كۆز، ئۈزۈن چاچ، كېلىشكەن، گۈزەل بولسىمۇ شەرم ـ ھايالىق بولمىسا، ئۇلارنى ھېچكىم گۈزەل دېمەيدۇ. ئىپپەتلىك قىز دېگەندە، كۆز ئالدىمىزدا تەبىئىي مۇلايىم، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ھايالىق، نومۇسچان، ئاتا ـ ئانىغا مېھرىبان، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈمچان، چوڭ ـ كىچىكلەرگە ئېتىبارلىق قىز نامايان بولىدۇ ۋە بۇنداقلار كۆزىمىزگە چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ھايا كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتۇرغۇچى ۋە ياخشىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر. كىمنىڭ ھاياسى بولمىسا، شۇنىڭ ئۆيىتى بولمايدۇ ۋە بارچە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.

2. ئەي قىزىم، ئىپپەت ـــ ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا دېگەنلىكتۇر. قىزلارنىڭ تەبىئىتىگە خاس پاكىزلىق، ھايا، نەپىسلىك، ھوشيارلىق كەبى پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، لاتاپىتىگە لاتاپەت قوشىدۇ. قىزنىڭ ھۆسنى يېرىم بايلىق، ئەقلى بولسا خەزىنە. ئۇلۇغ ئالىم ئىبن سىنا: «ئىنساندا مەڭگۈ تۇرىدىغان ھۆسن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر» دېگەنىدى. دەر ھەقىقەت ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئىسسىق كۆرسىتىدىغان نەرسە ـــ كىشىنىڭ ھايا ۋە ئىپپىتىدۇر. ھايا ۋە ئىپپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن قىز ھامانەم ھەقىقىي ئىنسانلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

3. ئەي قىزىم، تىل بىلەن يۈرەك ـــ ياخشىلىق بىلەن يامان- لىقنىڭ بۇلىقى. بۇ ئىككىسى ياخشى بولسا، ئادەممۇ بەختلىك ۋە ياخشى بولىدۇ؛ بۇ ئىككىسى يامان بولسا، ئادەممۇ يامانلىق ۋە بەختسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب: تىل ـــ يۈرەكنىڭ جارچىسى. يۈرەك نېمىنى ئويلىسا، تىل شۇنى سۆزلەيدۇ، كۆڭۈلگە كەلگەننى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ. كىشىلەر سۆزگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختانسا، سەن سۈكۈت قىلىش بىلەن ماختان، ھەر نەرسىنىڭ دەلىلى بار. ئەقىلنىڭ دەلىلى ـــ پىكىر، پىكىرنىڭ دەلىلى ـــ سۈكۈتتۇر. سەن سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن، سۈكۈتتىن يىراقلاشساڭ مەغلۇبىيەت سېنى قارشى ئالىدۇ.

4. ئەي قىزىم، كىشىنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما. ئەگەر سېنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سۆزىگە قاراپ جاۋاب بەر، ئەقىللىق يەتمەس سۆزنى سۆزلى- مە، كۈچۈڭ يەتمەس ئىشقا ئېسىلما. ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىرىگە سۆزۈڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زوٚرلوٚر بولمىسا پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ھەر تۈرلۈك سۆزنى ئاڭلىساڭ گوياكى ئاجىز- لىقتىن كۈچلەنگەندەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كېرەككە كەل- سۇن، كەلمىسۇن، جېنىڭ، تېنىڭ بىلەن ئاڭلا. چۈنكى سۆز بىر سەدەپكە ئوخشايدۇ، ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ.

5. ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ نازاكىتىنى، قىزلىق قەدىر ـ قىم- مىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ كاتتىسى سىلىق ـ سىپايە، دەل جايىغا كەلتۈرۈپ، مېھرىبانلىق پۈرىقىنى سىڭدۈرۈپ تۇرۇپ ئەدەپ- لىك سۆزلەشتۇر. سۆزلىگەنىدىمۇ راست سۆزلەش، گەپنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىشقا، مەنىلىك، ئورۇنلۇق سۆزلەشكە ئادەتلىنىش؛ ئۆزۈن، بىمەززە سۆزلەپ كىشىلەرنى بىزار قىلماسلىق كېرەك. خەلقىمىز تولا گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى ئەدەپسىز، كوت ـ

كوت، لاۋزا دەپ ئاتايدۇ. كۆپ گەپ قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىدۇ، خاراكتېرىدىن مەمەدانلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ گەپ قىلىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنى كۆرسىتىشتۇر.

6. ئەي قىزىم، ئىپپەتلىك قىزلار ئۆزلىرىگە تەلەپچان، ھايالىق بولىدۇ. يۇرۇش - تۇرۇش، كىيىنىش، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلەردە قىزلىق شەنىگە يارىشا ئىش تۇتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا كالتە، تار، كۆكرىكى چوڭ كىيىملەرنى كىيىش، مەمەدانلىق، چاكىنا قىلىق، ئورۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى ئۆزلىرىگە ھار ئالىدۇ. ئىپپەتلىك قىزلار، بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا، چوڭلار بار سورۇنلاردا ئۆزلىرىنى قانداق تۇتۇشنى ياخشى بىلىدۇ، ھەربىر قەدىمىنى ئويلاپ باسىدۇ. قىز بالا ئۆزىنىڭ تەبىئىي چىرايى بىلەن يېقىملىقتۇر. ئۇنىڭغا يەنە پەرداز قىلىش ئۇنى سۈنئىيلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھەددىدىن زىيادە پەرداز قىلىش، كەلسە - كەلمەس زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاش، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىش قىزلارنى يەڭگىلتەك، قورچاق سۈپەت كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

7. ئەي قىزىم، دانالار ئىلىمنى مال - مۈلۈكتىن ئەۋزەل دېيىشىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئىلىم مېغىز بولسا، بايلىق ئۇنىڭ پوستى، ئىلىم گۈل بولسا، بايلىق ئۇنىڭ ھىدىدۇر. دانا كىشىلەر ھەر دائىم ئەنە شۇ مېغىزنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا جاپا چېكىدۇ. چۈنكى، ئىلىم بىرىنچىدىن پەيغەمبەرلەردىن مىراس قالغان، مال - بايلىق بولسا قارۇن ۋە ھامانىنىڭ مىراسىدۇر؛ ئىككىنچىدىن، ئىلىم كىشىدە كەمتەرلىك پەيدا قىلسا، بايلىق مەنمەنلىك پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئىلىملىك كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، مالدار كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، مالدار كىشىلەر ئۆتە خەسىس ۋە بېخىل بولسا، ئالىم كىشىلەر ساخاۋەت ئىگىسى بولىدۇ؛ بەشىنچىدىن، ئىلىم كىشىگە دۇنيادا ئابرۇي كەلتۈرسە، مال - دۇنيا ئازاب كەلتۈرىدۇ.

8. ئەي قىزىم، ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدىدۇر. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار، بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائامنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار، شۈبھىسىزكى بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار، بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىرى ھەسرەت ـ نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

9. ئەي قىزىم، ياخشى خۇيلۇق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، مىجەز ـ خاراكتېرىدا خاسلىقى ئىگە، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، يارامىلىق قىز بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ قىزنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇجۇپىلەپ تەربىيەلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈشىگە، شۇنداقلا قىزلارمۇ ئېسىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىسىز تەربىيە ۋە ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ياخشى ـ يامان ئىشلارنى جايىدا پەرقلەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

10. ئەي قىزىم، شىجائەت، ساخاۋەت ۋە خۇش خۇلقلۇق ئەڭ ئەلا پەزىلەتلەردىن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەر دائىم ئۇلۇغلۇق سەرمايىسىدىن بەھرىمەن بولۇر. مەزكۇر سۈپەتلەر ئىچىدە خۇش خۇلقلۇق ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى، ساخاۋەت ئالىي پەزىلەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەممىلا كىشى مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ھەر خىل شەرت ـ شارائىتلار كېرەك. ئەمما، خۇش خۇلقلۇق شۇنداق نەرسىكى، ھەممە ئادەم ئېرىشەلەيدۇ. يېقىملىق خۇلق ئىگىسىدىن چوڭ ـ كىچىكنىڭ بارچىسى خۇرسەن بولىدۇ. بۇنداق خۇلق ئىگىسى باشقىلارنى خۇرسەن قىلىشتىن تاشقىرى ئۆزىمۇ

33

دائىم خۇرسەن يۈرىدۇ، باشقىلاردىن بولسا ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىق قايتىدۇ.

11. ئەي قىزىم، دەۋرداشلىرىڭدىن ئەقىل ـ پاراسەتتە، ئىلىم ـ پەن جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇش تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش. ئادەم تۇرۇپ ئادىمىيلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولالماسلىق، ئادەم تۇرۇپ ئا ـ دەمدەك ياشىيالماسلىقتەك ئېغىر مەھرۇملۇق بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسان بالىسى ئۇچۇن ئەڭ چوڭ ئەيىب بىلىمسىزلىكتۇر. نومۇس قىلىش توغرا كەلسە ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىدىن نومۇس قىل، خورلۇق ھېس قىلىش توغرا كەلسە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ بىلىمسىزلى ـ كىڭدىن خورلان. بىلىمسىزلىك سېنى ئىنسانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم قىلىدۇ، شۇڭا، سەن ئالدىنىۋاتقانلىقىڭنىمۇ، ھاقارەتلىنىۋاتقانلى ـ قىڭنىمۇ ھېس قىلالمايسەن. نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئى ـ كەنلىكىنى توغرا پەرقلەندۈرەلمەيسەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە قانچىلىغان ھاقارەت تامغىسىنىڭ بېسىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىڭغى ـ مۇ كەلتۈرەلمەيسەن.

12. ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ نامىغا ئىلىشكەن يامان داغ ـ نو ـ مۇسنىڭ كېتىشى بەكمۇ قىيىن. بەزىدە بايقىماي بېسىلغان تىكەن ـ نىڭ جەبرىنى بىر ئۆمۈر تارتىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئۇ كىشىنى ئۆمۈرۋايەت گۇمان، شۈبھى قىيناقلىرىغا دۇچار قىلىدۇ. بۇلارغا كۆپىنچە ئويلىماي ئىش قىلىش، ئىرادىنىڭ تىزگىنىنى ئاززاقلا بوش قويۇۋېتىش سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەتلەر، مە ـ نىۋى قەدىر ـ قىممەتلەر ھەققىدە سۆز بولسا ئۇلارنىڭ قىزلاردا ئەڭ ئالىي دەرىجىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى قىز بالا مىللەتنىڭ كۆركى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قىزلار ناھايىتى نازاكەتلىك، ئىپپەتلىك، سەۋر ـ تاقەتلىك، ئا ـ قىل، مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئەيىب ياكى گۇناھ ئىش قىلىپ قويغان باشقا ھەممە كىشىلەر ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن، پەقەت قىز بالىلا ئەپۇ قىلىنمايدۇ.

13. ئەي قىزىم، راھەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ راھەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆڭلۈڭدە دائىم ئارزۇ ـ ئۈمىد چاقناپ تۇرسۇن. تېنىڭ نەپەس ئېلىپ قانغان ھالەتتىمۇ روھىڭ مەڭگۈ ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەممىگە ئېرىشسەڭ، ئۇ ھالدا ھەممە ئۈمىدسىزلىك ۋە نارازىلىققا ئۆزگىرىدۇ. ئاقىل بولغانلارمۇ باشقا شەيئىلەرنى چۈشىنىپ ھەۋىسىنى قاندۇرۇشى لازىم. ئۈمىد بىزگە ھايات بېغىشلايدۇ، ئەمما قورساق تويغۇزۇۋېلىپ تاماشا بىلەن ئۆتۈش جاننى ئالىدۇ.

14. ئەي قىزىم، دېڭىز كەڭ بولغانلىقتىن ھەممە دەريا ـ ئېقىنلارنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ. باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۆزىگە پايدا يەتكۈزگەنلىك، باشقىلارغا زىيان سېلىش ئۆزىگە زىيان سالغانلىق، باشقىلارغا يول قويۇش ئۆزىگە يول قويغانلىق، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدۇ. باشقىلارغا يول قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ! باشقىلارنى ھۆرمەت قىلسىڭىز ئىززەت تاپىسىز، يول قويسىڭىز نىيىتىڭىزگە يېتىسىز. ھۆرمەت قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش، ئىشنى چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىماسلىق، ھەممىسىگە سەل قارىماسلىق كېرەك. يول قويۇشتا ھەرقانداق ئىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش، تۆھپىنى يالغۇز ئىگىلىۋالماسلىق، خاتالاشقاندا باشقىلارغا دۆڭگىمەسلىك كېرەك.

15. ئەي قىزىم، ھەر ۋاقىت پەزىلىتىڭنى ساقلاپ، پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولغايسىز. تاكى جەمئىيەتتە كىشىلەر سىزگە ھەۋەس قىلىپ: «بۇ كىمنىڭ قىزىدۇ، نېمە ئىشقا ھەۋەس قىلىدىغاندۇ، ئەجەب ئەدەپلىك قىزكىنا» دەپ ئېغىزىنى چاكىلدىتىپ قالسۇن. سىزدىن ھەرگىز ئەدەپسىز قىلىقلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر سىزدە كىچىككىنە ئەدەپسىزلىك سېزىلىپ قالسا، شۇ ھامان شەنىڭىز بۇلغىنىدۇ، ئابرۇيىڭىزنى مىڭ قىلغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسىز. سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىپپەت ـ نو-

مۇسنى چىڭ ساقلىيالىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى، بولۇپمۇ قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى قولىـ ڭىزدا تۇتالايسىز، ئەگەر ئۇنى ئەمەس، ئەگگۈشتەرنى قولىڭىزدا بولىدۇ، ئەگگۈشتەرنى قولىڭىزدىن بېرىپ قويىدىڭىزمۇ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى يەر ـ گە ئۇرىسىز.

16. ئەي قىزىم، مۇغەمبەر ئادەملەر ھەمىشە يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن باشقىلارنى دەي ـ دەيگە سالىدۇ. شۇڭا زەربىگە ئۇچرىغان، خورلانغان ۋە ئاھانەتكە قالغان چاغلىرىڭىزدا، سوغۇققانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر قارارغا كېلىڭ. بولۇپمۇ بەزىلەر سىزگە بەزىبىر ئىشلاردىن ئالاھىدە ئۇچۇر بەرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنچىكە ئويلاپ، ئۇنىڭدا باشقا بىر غەيرىي نىيەتنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىڭ. چۈنكى نۇرغۇن ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان بىرەر مۇددىئا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا كۆڭلىڭىزدە ئېدىتلىق سان بولسۇن، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولچۇمىقىغا ئايلىنىپ قالماڭ.

17. ئەي قىزىم، ئۆزىڭىزگە توغرا تونۇشتا بولمىسىڭىز، ئۆزـ ىڭىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنمىسىڭىز، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشىڭىز تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى يۈكسەلـ دۈرۈشنى ئۆگەنگەندىلا ھەتتا ئۆزىمىزمۇ ئۇقمايدىغان يوشۇرۇن ئىقـ تىدارىمىزنى ئويغىتالىشىمىز، ئاندىن تامامەن يېڭىچە گۈزەل ھاياتنى يارىتىشىمىز مۇمكىن، ئۆزىگە ئىشىنىش مۇمكىنسىزلىكنى مۇمـ كىنچىلىككە، ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئەمما، ئۆزىگە ئىـ شەنمەسلىك ئەسلىدىكى مۇمكىنچىلىكنى مۇمكىنسىزلىككە ئۆزـ گەرتىۋېتىدۇ.

18. ئەي قىزىم، ئاقىللار ئۆزلىرىنى دۈشمەن ھىيلە ـ مىكىرـ

36

ـرىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، دۈشمەنىنىڭ يامان سۆزلىرى بىـ
لەن يولدىن چىقمايدۇ. غاپىل كىشىلەر بولسا دۈشمەنىنىڭ يالغۇ ـ
رۇشى ۋە مۇلايىملىقىنى كۆرۈپ، ئاداۋەتنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا
ئاشنا بولىدۇ. ئۇلار دۈشمەنىنىڭ سىرتىنى پەردازلاپ كۆرسەتكەن
بىلەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھەرقانداق
دۈشمەنىنىڭ كىشىگە قەست قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىسە، ھىيلە
ئىشلىتىپ يېقىنلىق قىلىپ، نەسىھەت يولىنى تۇتىدۇ ۋە مەھرۇم
بولۇۋېلىپ، سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولىدۇ ـ دە، پۇرسەت تاپسا ئۇز
ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ، تۇرلۇك زىيانلارنى سالىدۇ. خامىنىدىن
باشقىسىنى كۆيدۈرمەيدۇ ۋە قازا ئوقىدەك مۇراد نىشانىسىدىن بۆ ـ
لەك نەرسىگە خاتالىشىپ تەگمەيدۇ.

19. ئەي قىزىم، ئەگەر بىرى سېنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرىڭنى
ئېيتسا قوبۇل قىلىپ كەمچىلىكىڭنى تۈگىتىشكە تىرىش. سېنىڭ
ئالدىڭغا ئۆز ھالىنى ئېيتىپ كەلگەن كىشىنى زادى كەمسىتمە،
بەلكى ياردەم قىلىپ، ئۇنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇر. ئۆزۈڭدىن
كىچىكلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۇلارغا مېھرىبان بول. چۈنكى
كىچىكلەر سېنىڭ ئېكىنزارىڭدۇر، ھەممە ئىشىڭ ئاشۇلارنىڭ
ياردىمى بىلەن پۈتىدۇ. ئەگەر تېرىلغۇلىرىڭ ۋەيران بولسا تىرىكـ
چىلىكىڭ قىيىنچىلىقتا ئۆتىدۇ. دوستۇڭغا ياخشى نىيەتتە بول.
خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇشنى ئىزلىسەڭ، ئالىيجانابلىق يولىـ
نى تۇت.

20. ئەي قىزىم، ئەگەر قىز بالا گۈزەل، خۇش قامەت، زىبۇ ـ
زىننەتلىرى جايىدا بولسىمۇ مۇئامىلىسى قوپال، چېچىلاڭغۇ بولـ
سا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتسا، ئىشىنىڭكى، ئۇنى ھېچـ
كىم، ھېچقاچان گۈزەللەر سېپىگە قوشمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قاـ
لىدۇ. ھېچقانداق نەرسە كىشىنىڭ ئەقلىنى مۇئامىلە كەبى نامايان
قىلالمايدۇ. قىزلار ئۆزىگە قانچىلىك زىننەت بەرمىسۇن، مۇئامىلە
مەدەنىيىتىنى، مۇئامىلە سەنئىتىنى بىلمىسە، ھېچقاچان ئۆزگىـ

لەرنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولالمايدۇ. يىگىتلەرنىڭ مۇ-ھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈنمۇ قىزلاردا ئالدى بىلەن مۇئامىلە سەنئىتى يۇقىرى بولۇش كېرەك.

21. ئەي قىزىم، سۆزلەش ئېگىز ـ پەس ۋە خەۋپلىك بولۇپ، كۆپ خەتەرلەر ئۇچرايدۇ. ئويلىماي ـ پىكىرلىمەي تۇرۇپ بىرەر سۆزنى ئىزھارلاشقا لەۋنى ئاچماسلىق كېرەككى، ئويلىماي ئېيتىلغان سۆز كۆپلىگەن باشلارنى ئۆلۈم جەۋگانىنىڭ توپىسىغا ئايلاندۇرغان، جان خەزىنىسىنى زاۋاللىق ۋە نۇقسان قىمارىغا ئۇتقۇزغان. سۆزلەشتە بىرنەچچە قائىدە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە رىئايە قىلماق لازىم. بىرىنچىسى شۇكى، سەۋەبسىزلىك ۋە بىمەھەللىك كىلىتى بىلەن سۆزلىشىش قۇلۇپنى ئاچماسلىق كېرەككى، گەرچە سۆز گۆھىرى توغرا ۋە ئېنىق بولسىمۇ، بىۋاقىت ۋە ئورۇنسىز ئېيتىلسا، ئىدراك بازىرىنىڭ گۆھەرشۇناسلىرى ۋە قائىدە بىلگۈچىلىرى نەزىرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى ئاڭلاشقا رىغبەت قىلمايدۇ.

22. ئەي قىزىم، يادىڭىزدا بولسۇنكى، تۇرمۇشتا پۇل دېگەن ھەقىقەتەن تولىمۇ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك نەرسە، پۇل بولمىسا ھاياتتا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدىغان گەپ. لېكىن، ئادەمنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالىشى، پۇلغا ئەسىر بولۇپ ئۆزىنى بۇلغىماسلىقى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قەدىرلىكتۇر. ئۆزىنى پۇل قاپقىنىدىن ئامان ساقلىيالىغان ئادەملا ھەقىقىي قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنداق چىن ـ دۇرۇس ئادەمنى كۆزگە سۈرتىسىمۇ ئەرزىيدۇ. پۇل تاپ، لېكىن پۇلنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالما. پۇل دېگەن ئادەمنى ئەزىزمۇ قىلىدۇ، خارمۇ قىلىدۇ. پۇل ئۈچۈن ئىمانىنى، ۋىجدانىنى بۇلغاپ ئىنسانىي پەزىلەتنى يەرگە ئۇرۇش خارلىق دېگەن شۇ.

23. ئەي قىزىم، بىلىڭكى، گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە يار قىلغان، ھايا، نومۇس چۈمپەردىسىگە چۈمكەلگەن، لېۋەن، ياخشى خۇي-

لۇق، ئىپپەت گۆھىرىنى چىڭ ساقلىغان، پەزىلەت غۇنچىسىنى يۇرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان، سىپايە، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، جەلپكار، سېپى ئۆزىدىن ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزىغا خاس خىسلەتنى يېتىلـ دۇرگەن بولسىڭىز، مەكتەپتە ئوقۇۋتقان بولسىڭىز مەكتەپتە ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزنىڭ سىزگە چىن يۈرەـ كىدىن ئىچى كۆيمەي قالمايدۇ؛ ئەگەر سىز كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەپ قالسىڭىزمۇ، ئەتراپىڭىزدىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ سىزگە قايىللىقىدىن ئىچى كۆيمەي قالمايدۇ، شۇندىلا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي جەلپ قىلىش كۈچىڭىزنى ھېس قىلىسىز ۋە ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان شەخسكە ئايلىنىسىز.

24. ئەي قىزىم، ئېغىر بېسىقلىقنى خۇددى بىر گۆھەر دېسەـ ڭىز، مۇلايىملىق باشقا كاندىن ئېلىنغان مەدەندۇر. بۇلار ئارقىلىق سىز شاھ بىلەن گادايىنى ئۆزىڭىزگە ئىتائەت قىلدۇرالايسىز. ئوـ چۇق چىراي، ئەخلاقلىق بولۇش كىشىنى ئادەملەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن، ئارازچىلىق ۋە پىتنە ـ پاساتلاردىن خالىي قىلىدـ دۇ. مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك بولۇش ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېـ غىدۇر، ئادەملىك تېغىنىڭ ئىچىدىكى قىممەتلىك يەر ئاستى بايـ لىقلار بىلەن تولغان زەر كاندۇر. بۇ كاننىڭ بايلىقلىرى چەكسىزـ كى، قېزىپ ـ قېزىپمۇ تۈگەتكىلى بولماس. ئۇنىڭدا چېچەكلىگەن مېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى پۈتكۈل يەر ـ جاھاننى دائىما ئىللىتىپ تۇرغاي.

25. ئەي قىزىم، دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى مەۋجۇت بولـ سا، ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا، ئۇنىڭ ياخشى نامى دۇئا بىلەن داۋاملىق يادلىنىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كىم ياخشى دۇئا بىلەن يادلانسا، ئۇ قايتىدىن تۇغۇلۇپ، يەنە بىر ھايات باشلىغاندەك بولىدۇ. مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە بولۇڭ ياكى

يەرنىڭ ئاستىدا بولۇڭ، ياخشى نامىڭىز مەشھۇر بولسا، شۆھرىتىنى ئۆزىڭىز كۆرىسىز.

26. ئەي قىزىم، بىلىم بىلەن جاسارەت ئۇنتۇلماستۇر، دېمەك ئۇلار سىزنىمۇ ئۇنتۇلماس قىلىپ قويالايدۇ. سىز قانداق بىلىم ئىگىلىگەن بولسىڭىز، شۇنداق ئادەم بولىسىز. ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولسىڭىز، خالىغىنىڭىزچە ئىش قىلالايدىغان بولىسىز. ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقلار ئۆزىنى قاراڭغۇ دۇنياغا قاماپ قويغان بىلەن باراۋەر. جىسمانىي قۇدرەت ۋە ئەقلىي قابىلىيەت گويا ئىككى قول ۋە ئىككى كۆزگە ئوخشايدۇ. پاراسەتلىك، ئەمما جاسارەتسىز بولغانلارنىڭ پاراستى مېۋە بەرمەيدۇ.

27. ئەي قىزىم، مۇنۇ ئون گۈزەل خىسلەت ئادەمگە بەخت ـ قۇت كەلتۈرىدۇ: ھايا، مۇرۇۋۋەت، ساداقەت، تەۋەززۇ، ئەمگەك، سېخىيلىق، نومۇس، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئادالەت، ھېلىم (مۇلايىملىق) ۋە شىجائەت. مۇنۇ ئون يامان خىسلەت ئادەمنى بەختسىزلىك ـــ پالاكەتكە سۆرەيدۇ: ھەسەت، ئاداۋەت، بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، چېقىمچىلىق، خىيانەت، جاھىللىق ۋە ھورۇنلۇق. كىمنىڭ ھىممىتى ئۈستۈن بولسا، شۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمۇ ئۈستۈن بولغۇسى. بىراۋ ئەدەپ ئۆگەتسە ئۆگەنمىگەن كىشى ھايۋان، ئۆزرە سورىسا قوبۇل قىلمىغان كىشى شەيتاندۇر.

28. ئەي قىزىم، ئېيتقان سۆزىدىن يانمايدىغان، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئادەم بولغان سۆزلىگەن سۆزىدىن ئەتىسى كۆنى تېنىۋالمايدۇ، ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. كىشى ۋەدە قىلىپ قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچى ئاشىدۇ، ۋەدىنىڭ ئاپىتى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق ياكى ئۇنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشتۇر. ۋەدىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، ۋەدە قىلغۇچى باشقىلار ماقۇل بولغۇدەك بىر ئۆزرە كۆرسىتەلمىسە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋەدە تەلەپ قىلمايدىغان، ۋەدە

بەرسىمۇ ۋەدىسىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش چىن ئىنسانلىق خىسلىتىدۇر.

29. ئەي قىزىم، ئىنسانلار ئۈچۈن ھايا ئىنتايىن شەرەپلىك بىر خىسلەت ۋە ئۇلۇغۋار ئەخلاقتۇر. ھايا ئادەمزات جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل ۋە تەرتىپلىك بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر شەرتتۇر. ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىن يوقىلىپ كەتسە، كىشى ـ كىشىدىن سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۇيالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئالەمنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ، خەلقئارا ئېسىل رەسمىيەتلەر يوقىلىدۇ. مەئىشەت ئامانلىقىغا زور بالالار تۇغۇلىدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىدە ديانەت ۋە ساداقەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى تالاپ ۋەيران قىلىدۇ. ھايا كىشىلەرنى ناچار ئەخلاق ۋە قىلىقلاردىن چەتكە تارتىدىغان تەبىئىي كۈچتۇر. ئىنسانغا ھايادىن تولۇق پايدا ۋە مەنپەئەت باردۇر، ياخشى خۇي ـ ئەخلاق مېۋىسى ھايانىڭ سۈيى ۋە ئاپتىپىدىن پەرۋىش تاپمىسا، تولۇق پىشالمايدۇ.

30. ئەي قىزىم، ھۆكۈمالار خۇشخۇيلۇقنىڭ بەلگىسى ئون خىل بولىدۇ دەيدۇ. بىرىنچى، ياخشى ئىش توغرىسىدا كىشىلەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىق؛ ئىككىنچى، ئۆز نەپسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئىنساب كۆرسىتىش؛ ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك؛ تۆتىنچى، كىشىلەردىن نالايىق ئىشلار سادىر بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا سېلىش؛ بەشىنچى، گۇناھكار گۇناھىدىن ئۆزرە ئېيتىپ كەلسە قوبۇل قىلىش؛ ئالتىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىش؛ يەتتىنچى، كىشىلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مۇشەققەت تارتىش؛ سەككىزىنچى، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىك؛ توققۇزىنچى، باشقا كىشىلەرگە چېھرىدىن مېھرىنى كۆرسىتىش؛ ئونىنچى، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش.

## ئەقىللىق قىزلاردىن بولۇشىڭىزغا 50 تەكلىپ

1. سىزگە ئېتىبار قىلمىغان يىگىتتىن يىراق تۇرۇڭ، چۈنكى سىزگە كۆڭۈل بۆلمىگەن يىگىتتىن ئايرىلالماي يۈرۈش ياكى داۋاملىق ئۇنىڭ ئۈچۈن مېھرىبانلىق ۋە سۆيگۈڭىزنى ئىپادىلەش ئەخمەقلىق بولىدۇ.

2. ھەرقانداق چاغدا بىر مەسئۇلىيەتسىز يىگىت ئۈچۈن ئازابلانماڭ. قىزلار ئاسان ئازابلىنىپ قالىدۇ، بىراق چوقۇم ئېسىڭىزدە بولسۇن بۇ ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى بەكرەك ئازابلىنىدىغىنى ئاخىرى يەنىلا ئۆزىڭىز بولىسىز. شۇڭا ئازابلىنىشلارنى يىغىشتۇرۇپ خۇشال ياشاشنى بىلىڭ.

3. ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭىزنىڭ ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىپ يۈرمەڭ، سىز ئۇنى ئۆزگىچە ياخشى كۆرسىڭىزمۇ بىراق يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بوشلۇق بېرىشىڭىز كېرەك، بولمىسا ئۇنى بىزار قىلىپ قويىسىز.

4. ئەگەر يىگىت سىزگە: «ئايرىلىپ كېتەيلى» دېسە ھەرگىز كۆز يېشى قىلىپ يۈرمەڭ، غەيرەتلىك بولۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «خوش» دەڭ.

5. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئۆزىڭىزگە مۇئامىلىڭىز ھەر ۋاقىت ياخشى بولسۇن، چۈنكى ھاياتلىق سىزنىڭ.

6. ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا يارىشىملىق كىيىنىپ كۈلۈمسىرەپ چىقىڭ.

7. يىگىتىڭىز ئۈچۈن كۈلۈمسىرىشىڭىزنى ئايىماڭ.

8. بەدەن شەكلى ۋە تەرىڭىزنى ئاسراشنى بىلىڭ.

9. تاماكا چەكمەڭ، ھاراق ئىچمەڭ.

10. ئىچىڭىز پۇشۇپ كەتسىمۇ قاۋاقخانىلارغا بېرىپ يۈرمەڭ، يالغۇز قالغان چاغدا شۇ يالغۇزلۇقتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىڭ.

11. ھەرگىز يالغان ھېسسىياتتا بولماڭ، بۇنداق قىلىش يۇردىكىڭىزگە ئاچچىق تامغا بېسىپ قويىدۇ.

12. ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ يۈرۈڭ، بىراق بەك زىيادە ئېگىز بولۇپ كەتمىسۇن.

13. يالغۇز قالغىنىڭىزدا، سىزنى «ياخشى كۆرىمەن» دېگەن ئىنساننىڭ نېمىشقا سىزنى يالغۇز قالدۇرغانلىقىدىن ئازابلىنىپ كەتمەڭ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ.

14. ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭىزنى تاللىغاندا كۆزىڭىزنى چوڭ ئېچىڭ. ئەگەر خاتا تاللاپ قويغان بولسىڭىز ۋاقتىدا ئايرىلىپ كېتىڭ. سۇنىڭ ئېقىشىغا باقماڭ، بۇ ئىككىڭلار ئۈچۈن ياخشى.

15. يىگىتلەرگە قول ئۇزاتماڭ. چۈنكى بىرىنچىدىن، سىز ئۇلار بىلەن تەڭ بولالمايسىز؛ ئىككىنچىدىن، سىز بىلەن قول ئۇزىتىشىپ سوقۇشقان يىگىت چوقۇم ساراڭ... شۇڭا ئۇرۇشقاندىن ئۇرۇشمىغان ياخشى.



16. دائىم سىرتلارغا چىقىپ ساياھەت قىلىپ كېلىڭ، بۇ سىزنى ناھايىتى ئۈمىدلىك ۋە روھلۇق قىلىدۇ.

17. دائىم ئۆزىڭىزگە تەملىك چاي دەملەپ ئىچىپ، كىتاب كۆرۈپ، مۇزىكا ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىشنى بىلىڭ.

18. ئۆزىڭىزگە لايىق كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىشنى بىلىڭ. ئۆزىڭىزگە يارىغىنى خانىغا يارىغىنى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئۇستىبېشىغا ھەۋەس قىلىپ كەتمەڭ.

19. سىز ياخشى كۆرمىگەن يىگىتنىڭ سۆۋغىسىنى ئەڭ ياخشىسى قوبۇل قىلماڭ.

20. بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا يىگىتنى سۆيۈڭ.

21. ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ يىگىتلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

22. ئۆزىڭىزنى پەقەت يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنلا خالىغان بىر يىگىت بىلەن ئارىلاشماڭ، بۇ سىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن

تەڭسىزلىك بولىدۇ ھەمدە ھېسسىياتىڭىزغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ.

23. سىز ياخشى كۆرمىگەن يىگىت ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولسىمۇ، سىز چوقۇم ھېسسىياتىڭىزنى ئېنىق ئىپادىلىشىڭىز كېرەك.

24. خىزمىتىڭىزگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ، خىزمەت بەلكىم سۆيگۈدەك يۈرىكىڭىزنى تىترىتەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق خىزمەت سىزنىڭ قورسىقىڭىزنى تويغۇزىدۇ، تۇرغۇدەك ئۆيگە ئىگە قىلىدۇ. بىراق مۇقىملاشمىغان سۆيگۈ سىزگە بۇلارنى بېرەلمەيدۇ... شۇڭا چوقۇم ياخشى ئىشلەڭ.

25. ئىللىق كەيپىيات ساقلاشنى بىلىشىڭىز كېرەك، قانداق سورۇنغا قانداق كىيىنىپ بېرىشنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەك.

26. قولدىن بېرىپ قويغان ياخشى يىگىت ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ كەتمەڭ، چۈنكى ئۇلار سىزگە ئاش بولمايدۇ، كۆزىڭىزنى چوڭ ئېچىپ يەنە بىرنى ئىزدەڭ.

27. كىيىملىرىڭىز چوقۇم ماسلاشقان بولسۇن، ئۇستىبېشىڭىزدىن ئاياللىق تۆكۈلۈپ تۇرسۇن.

28. ئائىلىسى بار ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالماڭ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ سىز بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇ چوقۇم يەنە بىر قىز بىلەنمۇ شۇنداق قىلالايدۇ.

29. تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە ياكى ئاياللار بايرىمىدا سىزگە گۈل سوۋغا قىلىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك يوق، سىز ئۆزىڭىز شۇ گۈللەرنى سېتىۋېلىپ سىزنى ئاپىرىدە قىلغان ئاتا ـ ئانىڭىزغا سوۋغا قىلىڭ.

30. سىز ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، ئەلۋەتتە ئۆزىڭىزمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

31. سىز ئەلۋەتتە بىر يىگىتنى ياخشى كۆرسىڭىز بولىدۇ. بىراق بارلىق سۆيگۈڭىزنى ئۇنىڭ قوينىغا تۆكۈپ بەرمەڭ. چۈنكى هاياتلىقتا هاياتىڭىزنى سىلىپ بېرىپ سۆيگۈدەك يىگىت مەۋجۇت-مىدۇ؟ شۇڭا ئۆزىڭىزنى قەدىرلەشنى بىلىڭ. چۈنكى، ئۆزىڭىزنى قەدىرلىگەندىلا باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيسىز.

32. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئۇچۇر ئەۋەتىڭ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئىنكاس بولمىسا سىزمۇ چېكىت ئۇرۇڭ.

33. يالغۇزلۇق هېس قىلسىڭىز دوستلىرىڭىزنى ئىزدەڭ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىڭ، كوچا چۆرگىلەڭ، بىرگە تاماق يەڭ، يال-غۇزلۇق ئىچىدە ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ.

34. ئۆزىڭىز ئۇچۇن ناخشا ئېيتىشنى بىلىڭ. ياخشى ئېيتال-مىسىڭىزمۇ مەيلى، چوقۇم ئۆزىڭىز ئۇچۇن ياخشى ياشاڭ.

35. ئەگەر كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ يىغلىغىڭىز كەلسە، ئىـ-شەنچلىك بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىڭ. هەرگىزمۇ خالىغانلا بىرىنىڭ مۈرىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ يۇرمەڭ.

36. ئەتىگەن سىرتقا چىقىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئەينەككە قاراپ ئۆزىڭىزگە ئىللىق بىر كۈلۈمسىرەشنى ئۇنتۇماڭ.

37. بۇنىڭدىن كېيىن ئەقىللىكرەك بولۇڭ، يىگىتىڭىزنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى سوراۋەرمەڭ، ئۇ ياخشى كۆرسە چوقۇم تەبىئىي هالدا دەيدۇ. بولمىسا، سىزگە بەر-مەكچى بولغان جاۋابىدىن ئۇ مەغرۇرلۇق هېس قىلىپ سىزگە ئې-تىبارسىز قارايدۇ.

38. سۆيگۈڭىزگە تەڭ نىسبەتتە مۇئامىلە قىلىڭ، كۆپ كېمى-گە دەسسىسىڭىز كېمە هامىنى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

39. بىر يىگىتنى ئويلاپلا ئۆتمەڭ، باشقا دوستلىرىڭىز ۋە ئا-ئىلىڭىزدىكىلەرگىمۇ ۋاقىت بېرىڭ.

40. ئەگەر بىرىنى ياخشى كۆرسىڭىز مۇۋاپىق ۋاقىتنى تېپىپ بۇ هېسسىياتىڭىزنى چوقۇم بىلدۈرۈڭ، بەلكىم بۇنىڭدىن سىز

جاۋابقا ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، بىراق سىز ئۆز سۆيگۈڭىز ئۈچۈن ھامىنى تىرىشتىڭىز، شۇڭا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايسىز. تەنگە ئاچچىق ھالدا تەنھا سىڭىپ كەتكەن سۆيگۈ تولىمۇ ئازابلىق، ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

41. ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان مۇۋاپىق بىر سورۇنىڭىز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، كىتابخانا، كۇتۇپخانا... دېگەندەك. بۇ يەردىكى مۇلازىملار سىزنى تونۇپ كەتسۇن. بۇنداق بولغاندا زېرىكىپ قالغاندا بارىدىغان ئىللىق ماكانغا ئېرىشكەندەك بولىسىز.

42. ئەگەر بىرەر يىگىت «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېسە ئىشەنمەڭ. «سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم» دېسىمۇ ئىشەنمەڭ، چۈنكى سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىنسان بىلەن تېزراق يىراق بولسىڭىز بۇ سىزنىڭ تەلىيىڭىز.

43. باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە ھەرگىزمۇ ئۇنى يامان تىلدا تەسۋىرلىمەڭ، دېيىش كەلسىمۇ ياخشى تەرەپتىن سۆزلەڭ.

44. ئۆزىڭىزگە يارىشىملىق، چىرايلىق ئۇخلاش كىيىمى سېتىۋېلىڭ، بۇ كىيىم بەك رومانتىك بولسىمۇ مەيلى.

45. قولىڭىزنى ئاسراڭ، چۈنكى قولىڭىز سىزنىڭ ئىككىنچى يۈزىڭىز. بىراق ئاسرىدىم دەپ ھېچ ئىشنى قىلمىسىڭىز تېخى بولمايدۇ.

46. ئاتا ـ ئانىڭىزنى ئەسلەپ تۇرۇڭ، ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ كۆيىمىنى بىلدۈرۈڭ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى يېنىك قىلىڭ.

47. ئۆيىڭىزدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇشنى ئۇنتۇماڭ، كامانىدىروپكىغا ياكى يىراق بىرەر جايغا بېرىشنىڭ ئالدىدا ئۆيىڭىزنى ياخشى تازىلاپ قويۇڭ. بۇنداق قىلغاندا قايتىپ كەلگەندە ئىللىق ئائىلىنىڭ مېھرىدىن بەھرىمەن بولىسىز.

48. ئامال بار ئۆزۈن چاچ قويۇڭ. چۈنكى قىسقا چاچ گەرچە يېقىملىق بولغىنى بىلەن ئايالLIق جەزبىدارلىقىڭىزنى نامايان قى-

لىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

49. ناۋادا يىگىت ئۆزىنىڭ خىزمەت ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ ياكى باشقا ئالدىراشلىقلىرىنى باھانە قىلىپ سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزغا ئىنكاس قىلمىسا، سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىزغا كۆڭۈل بۆلمىسە، غەيرەتلىك بولۇپ سىزمۇ ئۆزلۈكىڭىزدىن يىراقلىشىڭ. ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز كۆڭۈل بۆلگەندىن ئارتۇق ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس. سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىنسانغا بېرىلىشىڭىز ۋاقىت ۋە ھېسسىيات ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

50. يىگىت سىزدىن چىن كۆڭلىدىن ئەپۇ سورىسا ئۇنى كەچۈرۈشنى بىلىڭ. كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن بۇ يىگىت سىزدەك بىر مېھرىبانلىق قىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

# قىزلار ۋە مۇھەببەت ھەققىدە مۇھاكىمە ھەم بايانلار

## قىزلار بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى

خۇددى ئاسماننىڭ جۇلاسى قارا پەردىگە ئالماس قاداپ قويغاندەك چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار بولغىنىدەك، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيانىڭ، ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي جۇلاسى گۈل يۈزلۈك ئاشۇ قىزلاردۇر. دىنىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئادەم ئاتا يارىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تەبىئىي ۋە سېغىنىشىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئانىسى ھەۋۋا ئانا يارىتىلغان. ئۇلار مەيلى جەننەتتىكى بەختلىك كۈنلىرىدە بولسۇن ۋە مەيلى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ زېمىنغا ھەيدەلگەندىن كېيىنكى جاپالىق كۈنلىرىدە بولسۇن، ھايات ـ ماماتتا بىرگە بولۇپ، پەرزەنت قالدۇرۇپ، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. خۇددى ئادەم ئاتا تەشنا ۋە تەقەززا بولغىنىدەك، قىزلار بۇ دۇنيانىڭ تەقەززاسى ۋە تەشنالىقى، تەشنالىقنى قاندۇرغۇچى، شۇ تەشنالىق ۋە قىزغىن مېھىر ـ مۇھەببەت قاينىمىدا ئەۋلاد قالدۇرغۇچى، ھەر نېمە دەپ تەرىپلىسىمۇ ئەرزىيدىغان پەزىلەت ئىگىسىدۇر. شۇنداقلا گۈزەللىكى، نازۇكلۇقى، جەلپكارلىقى، نازاكەتلىكلىكى، پەزىلەتلىكلىكى بىلەن بىر دەستە ئاجايىپ خۇش پۇراق گۈلگە، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان جانان چىنىگە، سۈزۈك ۋە تىنىق قاشتېشىغا ئوخشايدۇكى، ئۇنى ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىش، ئاسراشقا خەلقىمىز ئەزەلدىن كۆڭۈل قويغان، مول تەجرىبە ھاسىل قىلغان، بۇ جەھەتتە ئۆزىگە

خاس مەدەنىيەت ئەندىزىسى ياراتقاندۇر، ھەربىر ئاتا قىزلىرىنى ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، مېھرىبان، ئۆز خۇلقلۇق قىلىپ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەندۇر. خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ئۇيغۇر قىزلىرى نۇردىن، خىسلەتلىك دەرەخلەردىن تۆرىلىدۇ ۋە پەزىلەت غۇنچىسىنى قەلب تۆرىدە ئېچىلدۇرۇپ، ناھايىتى پاك، مەسۇم ۋە ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ نۇر ئىچىدە تۆرەلگەن خوتۇنى پاكلىق ۋە گۈزەللىكتە ناھايىتى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، «ئۇ كۈلسە كۆكمۇ كۈلىدۇ، ئۇ يىغلىسا كۆكمۇ قوشۇلۇپ يىغلايدۇ». ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن تۇرمارىسقا ئوخشاش مىڭلىغان باتۇر، نازاكەتلىك، گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرى تارىخ بېتىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەن، ئابرۇيىنى كۆككىچە ئۆستۈرگەن. ئورخۇن بويلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز دەۋرىدە قاغانلار پەرمان ئېلان قىلغاندا «قاغان پەرمان قىلىدۇكى...» دەپ ئېلان قىلسا كۈچكە ئىگە بولمايتتى، پەقەت «قاغان بىلەن خانىش پەرمان قىلىدۇكى...» دەپ ئېلان قىلغاندىلا كۈچكە ئىگە بولاتتى. شۇ دەۋرلەردە تاكى ئىسلام دىنىغا كىرگىچىلىك ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل ۋە مەيلى ئەمەلدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇشىمۇ خەلقىمىزنىڭ قىزلارنى ئائىلىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە ئىززەتلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، جاھالەت پىرلىرى بولمىش خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جاھالەتتە قالدۇرۇشى تۈپەيلى، قىزلىرىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئاجايىپ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئاشكارا ھالەتتە بېكىندۈرۈلدى، ھەتتا ساۋاتلىق بولۇش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىندى، ئەمما خەلقىمىزنىڭ قېنىغا تىنىدۇرما بولغان قىزلارنى ئەتىۋارلاش ۋە ئۇلارنى كۆيۈنۈپ تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەت زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلىشىپ

قالىدى. باشقا مەدەنىيەت تېپىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش قىز پەر-زەنت كۆرسە ئۇنى پەس كۆرىدىغان، خورلايدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، يوك دەپ قارايدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتالىدى. ھالبۇكى، فېئوداللىق ئىدىيەنىڭ تە-سىرىدە بەزى قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىدىغان، چوڭ ئىشلارنى قىلالمايمەن، قىزلارنىڭ قو-لىدىن ئىش كەلمەيدۇ، دۇنيانىڭ مەزلۇمى بىز، نېمىشقا ئوغۇل بو-لۇپ يارىلىپ قالمىغاندىمىز، دەيدىغان تولىمۇ خاتا ۋە بىر تەرەپلى-مە قاراش تۈپەيلىدىن ھاياتلىق يولىدا ئۆزىنى ئۆزى چۈشەپ قويى-دىغان، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يول تاپمايدى-غان، ئىزدەنمەيدىغان، ئىنتىلمەيدىغان خائىش ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ كەلگەنىدى. 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېقىلغان مەرىپەت چىراغلىرى مەھكۇملۇقتا ئىچى سىقىلغان قىزلىرىمىزنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنىمۇ يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشىنى، بىلىم ئېلىشىنى، مۇشۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلىشىنى كاپا-لەتكە ئىگە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قىز-لىرىمىزنىڭ يۈزىنى يېپىپ تۇرغان قارا چۈمپەردە ئېلىۋېتىلدى، قىزلار ئىنتىلگىنىگە، ئارزۇ قىلغىنىغا قەدەر يۇقىرى ساپاغا ئې-رىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا قىزلارنى ئەزىز كۆرگەن خەلقىمىزنىڭ قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىز بولۇپ يارىلىپ قالغانلىقىدىن ھەرگىز ئۆكۈنمەسلىكى، ئەكسىچە پەخىرلىنىشى، مەغرۇرلىنىشى كېرەك. چۈنكى، قىزلار بۇ دۇنيانىڭ بېزىكى، ھاياتلىق قۇۋۋىتى، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇ-چىسى، شۇنداقلا ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سېھرىي قۇۋۋەت-كە ئىگە ئىنساندۇر. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن بىر ژۇرنالدىن مەملىكىتىمىزدىكى ئۇن مەشھۇر كارخانىچى قاتارىدىن ئورۇن ئال-

غان بىر ئايال كارخانچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئۇس-تىدە توختىلىپ: «مەن بىر ئانا، مەن بالا تۇغالىغانىكەنمەن، ئەرلەر قىلغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن» دېگەن سۆزنى ئوقۇغانىدىم. قىزلار تەڭرى تەرىپىدىن مۇشۇنداق تەڭداشسىز خىسلەتكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغانىكەن، ھەرگىز ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش پو-زىتسىيەسىدە بولماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئەمدى نېمە قىلىمەن، كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولىمەن؟ دېگەننى كۆپرەك ئويلىشى، ئۆزىنى چۈشىنىشى، بىلىمىنىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چې-قىشقا ئىنتىلىپ، قىزلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى پۈتۈن-لەي ئۆز ۋۇجۇدىدا ھازىرلاپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كامىل ئىنسان بولۇپ يېتىلىشكە بەل باغلىشى كېرەك. ھەي، گۈزەل قىز! سىز شۇ تاپتا مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئازادە كوچىسىدا زامانغا لايىق كىيىنىپ مەغرۇر قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ، بۇنىڭ-دىن كېيىنكى ھاياتلىق يولىڭىزدا قانداق قىلىشنى، قانداق ئىس-تىقبالغا ئېرىشىشنى كۆزلىگەن، كۆڭلىڭىزگە نۇرغۇن يۇكسەك غا-يىلەرنى پۈككەن، شۇ يولدا تىنىمسىز ئىرىشىۋاتقان، ئىزدىنىۋات-قان، ئويلىنىۋاتقان غايىلىك ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىز مۇمكىن؛ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىنتىلىشى كۈچلۈك، ئۇلۇغ غايىگە ئىگە ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىز مۇمكىن ۋە ياكى ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشماي قالغان، ئاساسىي قاتلاملاردا ئىشلەۋاتقان ياكى خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان ۋە ياكى ھاياتلىق يولىدا تەمتىرەپ قالغان قىز بو-لۇشىڭىز مۇمكىن. ھەتتا نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپۈككە ئايلانغان، ئارمىنىڭىز ئارمان پېتى قالغان، تەكلىماكاننىڭ بىر چېتىدىكى خىلۋەت ما-كانغا باغلىنىپ قالغان، ئۇنۇمسىز يەرلىرىڭىزگە تەر تۆكۈۋاتقان دېھقان قىزى بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولۇشىڭىزدىن قەت-ئىينەزەر، سىز گۈزەل، نازاكەتلىك، ياخشى خۇلقلۇق بىر ئۇيغۇر

قىزى بولغانىكەنسىز ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشىڭىز كېرەك، ھەرگىز بۇ قۇتـلۇق يولدىن تايماسلىقىڭىز كېرەك. ئۇزۇكسىز ئىلىم ئۆگىنىشكە ئادەتلىنىپ، كەلگۈسىدە ئۆزىڭىزگە ئاجايىپ يۇقىرى ساپا، جەمئىـيەتكە مىننەتسىز تۆھپە قوشالايدىغان روھ، كەلگۈسىدە ئەۋلادلىـرىڭىزنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەشكە باب كېلىدىغان مەنىۋى قۇرۇلما ھازىرلىشىڭىز كېرەك. قىزلار دۇنياسىدا قانداق ئۆزگـىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، سىز بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قانداق قارايسىز، قانچىلىك ماسلىشىپ كېتەلىدىڭىز؟ بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى زادى قانچىلىك، ئەگەر بۇ ئۆزگىرىش مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟ قانداق مەنىۋى كەيپىيات بۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئۇنۇملۇك توسۇپ قالالايدۇ؟ ئەي قىز، مانا بۇ سوئاللار ئالدىڭىزغا قويۇلۇپ باقتىمۇ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرەرى توغرىسىدا باش قاتۇردىڭىزمۇ، قانداق خۇلاسىلەرگە كەلدىڭىز؟ دەرۋەقە ئالدىڭىزغا قويۇلغان سوئاللار ئىنتايىن نۇرغۇن، ئۇنىڭ جاۋابلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنىلا ھايات مۇمكىنچىلىكلىرى ئىچىدىن يول تېپىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ. ۋاقىتتا يۇگەن سېلىشنى، ئۆز قىممىتىڭىزنى تېپىشنى بىلەلىسىڭىز، شۇنداقلا قىزلارغا خاس گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىڭىزگە يار قىلىپ ئالماستەك ئىرادە تىكلىيەلىسىڭىز، سىزنىڭ قىزلىق لاتاپىتىڭىز ۋە نازاكىتىڭىزدىن جاھان تەسىرلىنىپ، پۈتكۈل مۇھىتىڭىز باھار ئەييامىغا جۆر بولىدۇ، بەختىنىڭ نەغمە ـ ناۋاسىنى ياڭرىتىپ، ھايات سازىنى سازلىيالايسىز! قىز بولۇپ يارىلىش پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەنىكەن، سىز بۇ مۇقەددەس ئىرادىدىن ئۆزىڭىزنى چەكسىز بەختلىك سانىشىڭىز، قىز بولغانلىقىڭىزدىن پەخىرلىنىشىڭىز، ۋۇجۇدىڭىزغا قىزلىق پەزىلەتنى جەملەپ، سېھرىي كۈچىڭىزنى قېشىڭىز، ھاياتتا ئىنسانلارغا پايدىلىقلا بولىدۇ.

كەن، ھەرقانداق ئىشقا ئىجتىھات قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەرلەرمۇ قىلالمايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك، ئۆزىڭىزنىڭ ھەيران قالارلىق نەتىجىلىرىڭىز ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل ۋە مايىل قىلالىسىڭىز، ھەي بەختلىك قىز، سىز بۇ دۇنيادا مەنىلىك ياشىغانىنىڭ ھەقىقىي پەيزىنى سۈرگەن ھېسابلىنىسىز. ئۇچۇر دەۋرىنىڭ خىيالدىنمۇ تېز قەدەملىرى ئىشىك ئالدىغىلا كېلىپ قالدى، ئۇ سىزنى ئۆز قەدىمىگە ماسلىشىپ يولغا چىقىشقا تەقەززا قىلماقتا، ھالبۇكى، سىز يەنىلا ئۆگىنىپ قالغان خۇي بىلەن سۆرەلمىلىك قىلامسىز ياكى ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ھەرقانداق يۇقىرى شەرتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتەلەمسىز؟ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ چولپاندەك پارلاپ تۇرغان قىزلىق نازاكىتى ۋە بۇ نازاكەت بەخش ئەتكەن لاتاپەت بىلەن قىزلار دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان غەيرىي ئۆزگىرىشلەرگە، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇشلارغا ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق جەڭ ئېلان قىلالامسىز؟ چۈنكى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا چەكسىز سېھرىي كۈچ كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، قىزلىق ئەدەپ ـ ئەخلاق گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىۋېتىپتۇ، ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىزلا نازاكەت ۋە لاتاپەت بابىدا يېگانە چولپان بولۇپ قالىسىز، چۈنكى سىز دېگەن بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى!



## زامانىمىز قىزلىرىغا نەزەر

بىر ئايال ئائىللىق سۈپىتىدە جىمىكى مېھرىبانلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ مۇجەسسىمى، ئىنسان سۈپىتىدە ھاياتلىق ئالىمىدىكى نەپىسلىك ھەم جىلۋىدارلىقنىڭ سىمۋولى، ئانا سۈپىتىدە ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئاپىرىدىگاھى ۋە پەرۋىشكارىدۇر.

تەھقىقكى، پەزىلەتلىك قىزلاردىن پەزىلەتلىك ئانىلار يېتىشىپ

چىقىدۇ. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بارلىق قەھرىمانلارنى، جىمىكى سەلتەنەت ساھىبقىرانلىرىنى، دۇنىياغا مەشھۇر ئالىم ۋە ئىستېدات ئىگىلىرىنى ئەنە شۇنداق قەلبى يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن تويۇنغان، ھايات مۇساپىسىنى ئۇلۇغ غايىلەر بىلەن نۇرلاندۇرغان پەزىلەتلىك ئانىلار يېتىشتۈرۈپ چىققان.

«مىللەتنىڭ كېلەچىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ قولىدا»، بۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. ئەنە شۇ قىزلار پەزىلەتلىك ئانىلارنىڭ بىخلىرى، جەسۇر يىگىتلەرنىڭ ھەمنەپەسلىرى، جاھان مەئىشەتلىرىنىڭ نەپىس بېزەكلىرى. جاھاندا ۋىجدان ـ غۇرۇرى بىلەن ھەقىقىي ياشاشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك؟ ئېھتىمال، دىلىدىن ئىمان، ئېتىقاد نۇرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن كىشىلەردىنمۇ ئارتۇق پەسكەش، رەزىل، قورقۇنچلۇق كىشىلەر بولمىسا كېرەك. ئىنسانلار دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغاندا ھايا ـ نومۇسنىڭ ئوندىن توققۇز ئۈلۈشى ئاياللارغا، بىر ئۈلۈشى ئەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەنمىش.

بىلەمسىلەر قىزلار، بىزنىڭ روھىيىتىمىز ئەزەلدىن شەرق ھېكمەتلىرى بىلەن سۈغۇرۇلۇپ، شەرم ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق گۈللىرى بىلەن بېزەلگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە روھىي كىرىزىس پاتقىقىغا چوڭقۇرلاپ پېتىپ، مەدەنىيەت دالاسىدىكى تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالساق، بىزنىڭ ئەتىمىزنى قايسى يوسۇندا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن.

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساق قەلبىمىزنى ئۆرتەيدىغان تولىمۇ ئاچچىق رېئاللىق، ئوغۇللارنىڭ «بۇ جەمئىيەتنىڭ قىزلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، گاڭگىراشلار ئىچىدە تەئەججۈپتىن قېتىپلا قالىمىز. مانا بۇ «بىر تال چۈشۈن بىر قازان ئاشنى بۇلغاپتۇ» دېگەندەك، ئىپپەت ـ نومۇسنى مودا كىيىنىش، پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلەلمەيدىغان، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى بىر

چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئار ـ نومۇس ئىچىدە يۇرۇشكە رازىكى، يامان يولدىن قايتىپ ياخشى ئادەم بولۇشنى خالىمايدىغان، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرى يەتمىگەندەك جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم قىزلارغىمۇ ئىبلىس قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇلارنىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش جەمئىيەت، مىللەت، ھەممە يىرگىنىدىغان، ناپاك، ئىنسان قىلىدىن چىققان ئادىمىي ھايۋانغا ئايلاندۇرماقتا ھەم ئايلانماقتا...

بۇ ئادىمىي ھايۋانلارنىڭ پەسكەش قىلمىشى جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى پاك، غۇبارسىز، مەسۇم قىزلارغا قىلغان ھاقارىتى ئەمەسمۇ؟

قىزلار باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، ۋىجدان ـ غۇرۇر قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ھەقىقىي يىگىتلەرنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر قىزلارنىڭ كۆڭۈل تەختىگاھىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن مەردلىككە، قەھرىمانلىققا تەلپۈنۈپ، تارىخىمىزنىڭ قەھرىمانلىق سەھىپىسىنى جۇلالاندۇرغان. خوش، بۈگۈنگە كەلگەندە قانداق بولدى؟ بەزى قىزلىرىمىز يىگىتلەرنىڭ ئوغۇل باللىقىنى تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش «ئوغۇل بالا» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان سورۇن ـــ مەيخانا، رېستوران، تانسىخانىلارغا قاترىشىپ، ئۆزىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن خورىتىپ، ئەقىل ـ ئىدراك، ۋىجدان ـ غۇرۇرنى ھەر خىل ئىچىملىك، چېكىملىكلەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ۋە بەتبۇي پۇراقلىرىغا يەم قىلىپ بەرمەكتە. نەتىجىدە، ھەتتا قاراڭغۇدىنمۇ قورقىدىغان، زەئىپ، روھسىز، ۋىجدانىنى يوقاتقان، ۋاپاسىز تۈرقىدىن بىر «يىگىت» دەيدىغانلار يېتىشىپ چىقماقتا. بۇنىڭ سەۋەبكارى كىم؟ مۇنداق بىر ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ، ئەرلەر ھامان ئاياللارنىڭ ئۆلچىمىدە ياشايدۇ. قىز ـ ئاياللار رېستورانلىشىپ كەتكەن ئەلدە، ئەرلەردىكى شىجائەت، جاسارەت، غۇرۇر ۋە ۋىجدان يوقايدۇ، بۇلارنىڭ ئورنىنى چۈشكۈنلۈك، غېرىبلىق

ئىگىلىمەي مۇمكىنمۇ؟

«ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە»، بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆز. بىز ئۆزىمىزنى بىلەلمىگەنلىكىمىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىمىز. لېكىن نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىلەرنى يوقاتقانلىقىمىزنىمۇ بىلەلمەيمىز. جاھاندا بۇ خىل روھي مەھرۇملۇقتىنمۇ ئارتۇق پاجىئە بارمىدۇ؟

ئۆزىنى بىلمەيدىغان، نادان، ھاياسىز قىزلار ۋەجىدىن بارلىق قىزلارنىڭ نامى بۇلغىنىپ، خورلۇق ئاسارىتىدە پاك، بىغۇبار قەلبى پۇچۇلانسا، ئۇلار ئانا بولىدىغانلىقى ۋەجىدىن بىر قوۋم كىشىلىرى نادامەت كۆز ياشلىرى بىلەن مەۋجۇتلۇق بوھرانىنى كۇتۇۋالسا، بۇنىڭغا يەنە تاقەت قىلىۋېرىش كېرەكمۇ؟ كىشىلەر خوتۇن ـ قىزلارنىڭ تەبىئىتى بۇزۇلسا، جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ، ئەخلاق چىرىكلىشىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئېيتىلغان گەپ ئەمەس. ئاياللار ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانسا، روھي زەبۇنلۇق ئەۋج ئېلىپ، مىللىي مەدەنىيەت خارابىلىككە يۈزلىنىدۇ. ئەرلەرمۇ يۈگەنسىز ئاتتەك يولدىن چىقىپ كىشىلىك ھاياتىدىكى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشنى بۇزۇشقا باشلايدۇ.

سۆيۈملۈك قىزلار، سەمىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭلار، تۈگىمەس سېھرىي لاتاپەتكە ئىگە قىلىدىغىنى تاشقى گۈزەللىك ۋە ماددىي ئۈستۈنلۈك ئەمەس، بەلكى ئىچكى گۈزەللىك، يەنى قەلب گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقىي كامىللىقتۇر.

سۆيۈملۈك قىزلار، بىغۇبار پاكلىقىڭلارنى، ئالتۇندىنمۇ قىممەت ۋاقتىڭلارنى دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نېمەتلىرىگە، رېستوران ـ تانسىخانىلاردىكى بىردەملىك كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت ھۇزۇرىغا تېگىشىۋەتمەڭلار، بۇ ئۆزۈڭلارنى نابۇت قىلغانلىق بولماي نېمە؟ سىلەر بىر ياخشى كىتابنى نەچچە ئون يۈەنگە ئېلىشقا چىدىمايسىلەر ـ يۇ، بىرەر گىرىم بۇيۇمىنى، بىرەر قۇر كىيىم ـ كېچەكنى نەچچە يۈز يۈەن خەجلەپ سېتىۋېلىشقا رازىسىلەر. دۇنيادا قىلغىلى

بولمايدىغان ئىش يوق، ئادەم ئىزدەنسە، تىرىشسا ھامان ئۆزى ئې-رىشمەكچى بولغان نەرسىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

قىز - ئايال ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۇزغۇنچىلىرى ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىلىرىدۇر! يارالغۇچىنىڭ كامالىتى ئەلۋەتتە ياراتقۇ-چىنىڭ پاراسىتىگە باغلىق. قېنى، قىزلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى زادى قانچىلىك دەرىجىدىكىن؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا رېئال-لىقتىن جاۋاب ئىزدەش ئەڭ ئاقىلانىلىك بولسا كېرەك. شۇڭىنىد-سى، مەنىۋىيىتى پۇچەك ئادەمنىڭ ئەقىلىك - پاراسەتلىك بولۇشى ۋە مەنىۋىيەت جۇلالىرىنى چاقنىتالىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزى ئۇستىدە ئوبدان ئويلىنىپ، ئىزدىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا، چۇش-كۇنلۇك، غېرىبلىق چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، روھىيەت دۇنياسىنىڭ ساپ، نۇرلۇق تاڭلىرىدىن بەھرە ئالالايدىغانلىقى شەكسىزدۇر!

ئېسىڭىزدە بولسۇن دوستۇم، سىز كىشىلىك ھاياتتا سۆيۈشكە ئەمەس، بەلكى سۆيۈلۈشكە موھتاج.

ئويلىنىڭ! ئىزدىنىڭ! تىرىشىڭ!...

## قىز - ئاياللارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك گۆھىرى — ئىپپەت

ئاياللارغا نىسبەتەن ئەڭ گۈزەل ۋە قەدىرلىك بېزەك ئىپپىتىنى ساقلاش، ئايال دېمەك — پاكلىق دېمەكتۇر، ئايال دېمەك — گۈ-زەللىك دېمەكتۇر، ئايال بولغاچقا ھاياتتا ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ رەڭدار سەھىپىلەر ئاپىرىدە بولغان.

ناپاك قىزلارنىڭ پاك - غۇبارسىز، مەسۇم قىزلارغا كەلتۈرگەن ھاقارىتى ئەڭ ئېچىنىشلىق يالدامىسى ئەمەسمۇ؟!

ھەي ئەقىلسىز قىزلار، سىلەر نېمىگە ئېرىشمەكچى بولۇپ يې-رىم يالىڭاچ كىيىنىۋالىسىلەر؟ سىلەر غەلىتە تۇرقۇڭلاردىن پە-

خىرلىنىپ، گىدىيىپ يۈرۈشكىنىڭلار بىلەن، ئۆزۈڭلارنىڭ ئالۋاستى، نىقابلىق جىن دەپ ئاتىلىپ، بۇزۇق، پەسكەش ئەرلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ئاگاھ بولۇڭلار! سىلەرنى كۈتۈۋاتقىنى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە، مىللىي روھ، مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ قەبرىگاھى، زاۋالەت ئالىمىنىڭ چۈشكۈنلۈك پاتقىقى.

ئىشىنىمەنكى، سىلەر قانداق بولساڭلار، سىلەرنىڭ يىگىتلىرىڭلار، كەلگۈسىدىكى ئائىلەڭلارمۇ شۇنداق بولغۇسىدۇر. چۈنكى ئەر دۇنيانى لايىھەلىگەن بىلەن ئايال ئەرنى لايىھەلەيدۇ، ئائىلىنى لايىھەلەيدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر مىسالنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ: مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر قولاس قەبىلىسىنىڭ بېگى بەگقۇلىبەگ قورقماس، شىجائەتلىك، باھادىر ھەمدە قابىل يولباشچى، مەسئۇلىيەتچان داھىي بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى سىيانپىيلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۆز خەلقىنى يېتەكلەپ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان ھەمدە ئۆز ۋەتەن تۇپرىقىغا دۈشمەنلەرنىڭ ئىپلاس ئايىغىنى قەتئىي تەگكۈزمىگەن قەھرىمان جەڭچى ئىكەن. قىز ـ ئاياللار ناخشا قوشاق ئېيتسا، بەگقۇلىنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بەگقۇلى ھەققىدە:

ۋاي كەلدى دېگەندە بەگقۇلى ئانا،
بوۋاقنىڭ يىغىسى توختايدۇ شۇئان.
دەيدىكەن ياش قىزلار ناخشا ئېيتقاندا،
يىگىتىم بولسىكەن بەگقۇلىسىمان.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار بارلىققا كەلگەن. قىزلار ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق... قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ھەقىقىي يىگىتلەرنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر قىزلارنىڭ كۆڭۈل تەختىگاھىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن مەردلىككە، قەھرىمان-

لىققا تەلپۈنۈپ تارىخىمىزنىڭ قەھرىمانلىق سەھىپىسىنى جۇلالاندۇرغان ئاجايىپ قەيسەر، شىجائەتلىك، مەردۇ ـ مەردانىلەر يېتىشىپ چىققان.

## قىز ۋە قىزلىق ئىپپەت توغرىسىدا

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ گۈلى، ئۇنىڭسىز مىللەت بېغى رەيھان پۇرىماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ جېنى، ئۇنىڭسىز مىللەت گەۋدىسى نىجادلىققا سىلجىماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ غۇرۇرى، ئۇنىڭسىز مىللەت جاھانغا تىك بېقىپ ياشىيالماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ كۆيى، ئۇنىڭسىز مىللەت زەپەر ناۋاسىنىڭ تۈزى كەم بولۇر.



قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ تۇتۇرۇقى، ئۇنىڭسىز مىللەت ئەتىسىنىڭ قازىنى قاينىماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ نۇرى، ئۇنىڭسىز مىللەت ئاسمىنىدا سۈبھى بولماس، سۈبھى قەھرىدە چولپان بولماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ ساپلىقى، ئۇنىڭسىز مىللەت گېنىدا كامالەت بولماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ ئوغۇز سۈتى، ئۇنىڭسىز مىللەت بوغۇنلىرىنىڭ يىلىكى توشماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ تەڭشىكى، ئۇنىڭسىز مىللەت زامان پىلسىراتلىرىدىن ئۆتەلمەس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ ئوزۇقى، ئۇنىڭسىز مىللەت مەنزىلىدە بالاغەت بولماس.

قىز ـــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭسىز مىللەت غۇرۇر كارۋانلىرىنىڭ مەنزىلى بولماس.

قىز ــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ چاقمىقى، ئۇنىڭسىز مىللەت تۇپرىقىغا ھىدايەت يامغۇرى ياغماس.

قىز ــ بالاغەت پەسلىدە مىللەتنىڭ چوغلۇقى، ئۇنىڭسىز مىللەت گۈلىستانىدا ئەرك بۇلبۇللىرى سايرىماس.

قىزلىق ئىپپەت ــ قەدىر - قىممەتنىڭ لىباسى، مىللەت قىيامىتىنىڭ دەۋاسى، مەنا قىيامىنىڭ جۇلاسى، غۇرۇر مۇقامىنىڭ ناۋاسى، ئۆزلۈك كولدۇرمىسىنىڭ ساداسى، ئارمان تاڭلىرىنىڭ ساباسى، ھۆرلۈك كۆرەشلىرىنىڭ ھۇرراسى.

قىزلىق ئىپپەت ــ ئاتىنىڭ تاغدەك غۇرۇرى، ئانىنىڭ پەخىرلىك تەبەسسۇمى، ئاكىنىڭ مەغرۇر گېدىيىشى، ئىنىنىڭ غەمسىز ئېغىنىشى...

قىزلىق ئىپپەت ــ بىر ئۇرۇقنىڭ شۆھرىتى، بىر مەھەللىنىڭ نومۇسى، بىر يۇرتنىڭ پەخرى، بىر ۋەتەننىڭ تاجى، بىر مىللەتنىڭ كىملىكى.

ئىپپەت ئېگى سۇسلاشقان قىز ــ ئۆزلۈك شەمشىرى داتلاشقان قىز، ئەجدات ئۇدۇمىدىن ياتلاشقان قىز، بۇگۈنى نەس قىز، ئەتىسى پەس قىزدۇر.

ئىپپەت ئېگى سۇسلاشقان قىز ــ ئاتا يۇرتىغا سانجىلغان خەنجەر، ئانا باغرىنىڭ زەرداپ بولىقى ھەم جىمى زالالەتنىڭ زىندان قوۋۇقىدۇر!

## ئىپپەت زار - زار يىغلايدۇ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى، بازار رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى، پۇل ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى، ئەخلاق ئېكولوگىيەسىنىڭ زور دەرىجىدە بۇلغىنىشى بىلەن تەڭ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرىنىڭ

ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلدى ۋە ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلىشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئارىمىزدا كىچىكىدىن تار ـ تىپ بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قان ـ قېرىنداشلىرىدىن، سۆيۈملۈك يۇرتىدىن، ۋاقتى كەلگەندە نەچچە يىل ئۆي تۇتقان هالال جۇپتىدىن، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان سەبىي بالىلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، شەيتاننىڭ مۇخلىسلىرى بولمىش بىر تۈركۈم مەسئۇلىيەتسىز، ۋاپاسىز، هاياسىز، هايۋان تەبىئەتلىك بىر قىسىم ئەر ـ ئايال پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ باتۇر ـ قورقۇمسىزلىقى، ئىشچان ـ چىداملىقلىقى، مەسئۇلىيەتچان ـ ۋاپادارلىقى ۋە گۈزەل ـ پاكىزلىقى، نومۇسچان ـ هايالىقلىقى ۋە لېۋەن ـ لاتاپەت ـ لىكلىكى بىلەن جاهان ئەھلىنى هەيرەتتە قويغان بىر قىسىم ئۇي ـ غۇر ئەر ـ ئاياللىرى مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى، شەرم ـ هاياسىنى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ـ نى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كىچىككىنە هوزۇر، غەرىبچە تۇرمۇش ۋە ئەركىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈچۈن ئەرلىك سالاپىتىنى، ئايال ـ لىق نازاكىتىنى، جەمئىيەت، ئائىلە، پەرزەنت ئالدىدىكى مەسئۇلى ـ يىتىنى ئۇنتۇپ، ئەرلەر ئۆزىنىڭ قىزىدەك، هەتتا نەۋرىسىدەك قىزلارنى بىر ئاماللار بىلەن ئالداپ، ئاتالمىش ياشلىق پەيزىنى سۈرىدىغان، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ هەۋەس، شەھۋەت كوچى ـ سىدا يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆمۈرلۈك داغدا قالىدىغان، ئايالى ۋە بالىلى ـ رىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى توزغاقتەك توزۇتۇپ بىر ئۆمۈر لە ـ نەت ئاستىدا ياشايدىغان؛ ئاياللار بىرنەچچە ۋاراق پۇل ئۈچۈن هەم ـ مە ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايدىغان، تاشقى گۈزەللىكىدىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان، ئالتۇندىن قىممەتلىك بولغان، جان تىكىپ قوغدىلىدىغان ئىپپەت ـ نومۇسنى ياش، مىللەت ئاي ـ رىمايلا پۇلى بارلىكى هەرقانداق ئىشرەتخۇمار ئەرلەرگە هېچ ئىك ـ

كىلەنمەيلا بىر خالتا سامان ئورنىدا سېتىۋېتىلەيدىغان ئاجايىپ «ئىقتىدار» ئىگىلىرىگە ئايلاندى. تېلېۋىزور دەسلەپ پەيدا بولغان يىللاردا ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ سىڭىل بىر يەردە ئولتۇرۇپ كۆرۈشتىن خىجىل بولۇشاتتى، تېخى ئۇ چاغدا بېرىلىدىغان فىلىملەر ھازىرقىدەك چاكىنا ئەمەس ئىدى. تەرەققىيات ئىنسانلارغا شۇنداق بىر «توغرا چۈشىنىش» يۈرستى ئاتا قىلدىكى، ھازىر ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ سىڭىل يانمۇيان ئولتۇرۇشۇپ چەت ئەلنىڭ چۈشكۈن ئىشق ـ مۇھەببەت تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بەزىبىر پەس، بەدەۋى فىلىملىرىنى بىللە كۆرىدىغان ۋە شۇ فىلىملەردىكى ئوبرازلار ئۈستىدە قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە يۈرگۈزىدىغان، ئەر ـ ئاياللار كىنولاردىكى ھېلىقى ئىشلارنى دوراپ چەكلەنگەن مېۋىلەرنى قانغۇچە يېيەلەيدىغان، بىر ئەر يالغۇز جېنىغا بىر نەچچە ئايالنى يوشۇرۇن نىكاھىغا ئېلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدىغان، بىر ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە بىرنەچچە ئادەم كوللېكتىپ ھالدا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان «مەدەنىي» ئىشلار مانا ھازىر ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى.

نەتىجە شۇنداق خۇلاسىلەندىكى، بۇنداق چېكىدىن ئاشقان نومۇسسىز قىلمىشلار ئاخىرى ئىنسانلارغا سىفلىس، سۆزنەك، ئەيدىزدىن ئىبارەت خەتەرلىك كېسەللەرنى سوۋغا قىلدى.

تالاي ئىناق ئەر ـ خوتۇنلار ئاجراشتى، تالاي گۈلدەك ئائىلىلەر ۋەيران بولدى. نۇرغۇنلىغان سەبىي باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «كۆڭۈل خۇشى»نىڭ بىھۇدە قۇربانىغا ئايلىنىپ يېتىملىك كوچىسىغا شەپقەتسىزلەرچە ھەيدەپ چىقىرىلدى.

شۇ سەۋەبلىك تالاي كۆزلەردە قان ـ ياش، يۈرەكلەردە ئەلەم ـ خۇن، زەرداب، قەلبلەردە پىغان ـ ھەسرەت، دىللاردا ئاچچىق غەزەپ ـ نەپرەت، تىللاردا لەنەت ـ قارغىش خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى سەل كەبى يامرىماقتا. تالاي ئادەملەر مەزگىلسىز ھالدا قارا يەر ئاستىغا مەھكۇم بولماقتا، تالاي بىگۇناھ يۈرەكلەر مەڭگۈلۈك

دەردىنىڭ چاڭگىلىدا ئىچىنىشلىق ھالدا پۇچۇلىنىۋاتىدۇ.
گەرچە بۇ خىلدىكى ئىشلارنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئومۇمـ يۈزلۈك ئەھۋال دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە چوقۇنغۇچى ئازغۇنلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىنتايىن تېز بولماقتا.
ئەي ئىنسانلار، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنايلى، ھەممىمىز ئاشۇ گۇناھسىز بىچارىلەرنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا، ئېزىلگەن باغرىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نالە ـ زارلىرىغا، ئاھۇ ـ پىغانلىرىغا ۋە ئاشۇ قاباھەتلىك قىسمەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئازغۇنلارنىڭ دەھشەتلىك تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان رەزىل ھايات سەپىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى. بەلكىم بۇنى كۆرۈپ، ئىرادىمىز بوشىشىپ، ئېتىقادىمىزنى يوقىتىپ، شەيتاننىڭ ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇچى دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ۋە ئويناشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىرىمىز ئاز ـ تولا بولسىمۇ چۆچۈپ ئۆزىمىزنىڭ توغرا يولىنى تېپىۋالساق ئەجەب ئەمەس.
ئېپپەت يىغلىمىسۇن، توغرىسى، باشقىلارنى ۋە ئۆزىمىزنى خارلىمايلى ھەم ئالتە كۈنلۈك بۇ ئالەمدە خارلانمايلى!

## بىزگە قانداق قىزلار كېرەك

بىزگە قانداق قىزلار كېرەك؟ دېگەن بۇ سوئال ئادەمنى سەل قىينايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن ئادەم «مەن» دېگەن نۇقتىدىن پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئۇلار ماڭا قانداق قىز كېرەك دېگەن سوئالغا ئۇنچە قىينالماي جاۋاب بېرەلەيدۇ. لېكىن بىز دېگەن سوئال ئالدىدا تېڭىرقاپ قالىدۇ، چۈنكى شۇ «مەن» نىڭ قىممەت قارىشى كۆپچىلىككە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ ۋە ياكى «مەن» نىڭ قىممەت قارىشى بىلەن باشقىلارنىڭ قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەر بارمۇ؟ بۈگۈن بىز كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى چەكـ

سىز پارچىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز، قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە قىممەت قاراشلىرىمىز نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ بولدى. يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر بىر هېكايىسىدە ئېيتقاندەك «دۆلەت يېڭى قۇرۇلغاندا نامراتلىق مودا بولغان، هۆكۈمەت بىر قىسىم بايلارنى باستۇرغان ئىدى، بۈگۈن يەنە شۇ هۆكۈمەت باي بولۇڭ دەۋاتىدۇ. بىر كۈنلىرى زادى باي بولالمىغان بىرنەچچە نامراتنى ئەيىبلەپ ئاتامدۇ نېمە؟» شۇنداق، بۈگۈن ئايرىم ئۈچ خىل قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىپ ياشايدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس. مىسالى، بوۋىسى بىر خىل قىممەت قارىشى ئىچىدە ياشىسا، دادىسى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشى ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆزى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، بەلكىم نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇپ چوڭ بولۇشى مۇمكىن. بۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ پەرقلىق قىممەت قاراشلىرى بەزىدە زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ، لېكىن بۇ زىددىيەت قانداشلار ئارا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەلۇم نۇقتىدا ئۆزئارا مۇرەسسە قىلىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئامالى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ ۋە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىشنى نورماللىق، ياش، دەۋر پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدۇ. لېكىن ۋارىسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۈچ ئەۋلاد ئادەمنىڭ ئۈچ خىل قىممەت قارىشىدا ياشىشى ئادەمدە بۇ قوۋم كىشىلىرىدە ۋارىسلىق قىلىدىغان، بىر نەچچە ئەۋلادنى مۇستەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان، بۇ قوۋمنى مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق كۆچكە ئىگە قىلىدىغان نەرسىلەر يوقمۇ نېمە، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، مەسىلىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك تەرىپى بۇ ئەمەس. ئالدىنقى بىر ئەۋلاد كىشىلەر بىلەن كېيىنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى پەرقلىنىپ قالماستىن، بىر دەۋردە ياشاۋاتقان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بىر مىللەتتىن بولغان تەڭتۇش

بىرنەچچە ئادەم بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ قىممەت قاراش نۇق-تىسىدىن چاك - چېكىدىن بۇسۇلۇپ، پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. بىر ئۇستەللىك زىياپەتتە بىرنەچچە خىل قىممەت قا-رىشنىڭ تەڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇرۇمچىدەك بىر چوڭ شەھەردە نورمال هادىسىگە ئايلانغان. بەزىلەر بۇ مەسىلىنى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى ياكى قىممەت قاراشلىرىنىڭ تەڭ گۈللىنىشى دەپ قارايدۇ. دېمەك، مۇشۇ خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىز-دە «مەن» نۇقتىسىدىن پىكىر قىلماق ئوڭاي، «بىز» نۇقتىسىدىن پىكىر قىلماق تەس. «بىز» دېگەن هامان نۇرغۇن «ياق» دەپ ئۆكتە قوپۇۋاتقان سادالارنى ئاڭلايسىز. چۈنكى سىزنىڭ قىممەت قارىشى-ڭىز ئۇلارغا يېقىپ كېتىشى ناتايىن.

بىز بىزگە قانداق قىزلار كېرەك؟ دېگەن نۇقتىدىن پىكىر قىل-غاندا هەربىر ئادەم ئۆزىگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەكلىكى هەققىدە هەر نېمىلەرنى دېيىشى، ئادەم بار يەردە بەزى ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك گەپلەرنى دېسىمۇ، يالغۇز يەردە باشقىچىرەك گەپلەرنى دەپ سېلى-شىمۇ مۇمكىن.

بەزىلەر قىزلارنىڭ ئۈچۈق - يورۇق، ئۆزى بىلەن سورۇنلاردا تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ ئىچىشىپ بېرەلەيدىغان ياكى قانداقتۇر ئىشلارنى «مەردلىك» بىلەن بىللە قىلالايدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ياكى ماڭا شۇنداق قىزلار كېرەك دەپ ئويلايدۇ، ياكى ئال-دىدىكى قىزلارنىڭ ئالدىدا شەيتانىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئە-نە شۇنداق قىممەت قارىشىنى بازارغا سالىدۇ. لېكىن شۇنداق قىزلارنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئادەم ئايالىنىڭ، قىزىنىڭ، سىڭلىسى-نىڭ شۇنداق قىز بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلماسلىقى مۇمكىن. قىسقىسى، هەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قانداق قىز لازىملىقى هەققىدە ئۆزىگە خاس قاراشلىرى بار بولۇشى مۇمكىن. ئانىنىڭ قىزىغا قو-يىدىغان تەلىپى بىلەن ئاتىنىڭ، ئاكىنىڭ، ئاچىنىڭ، ئۇستازىنىڭ، جەمئىيەت ئەرباپلىرىنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا، مۇناسىۋەتنىڭ قا-

رىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپىدا تۇرۇۋاتقان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق.

ئۇنداقتا، بىزگە زادى قانداق قىزلار كېرەك؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قىز ياكى ئاياللارنىڭ هاياتتا تۇتىدىغان ئورنىنى ئېنىقلىۋېلىپ، قىز ـ ئاياللارغا نىسبەتەن ئېنىق تەبىر بېرىشىمىز كېرەك.

مەشھۇر ئالىم، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر داموللا ئەزىزى (1862 ـــ 1924) «نەسىھەتى ئامما» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «كىچىك بالىلار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار، ئىسلامىيەتكىمۇ زىيان يەتمەس. بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ.» (ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، 4 ـ قىسىم، ئاپتورى نۇرمۇھەممەت زامان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى.)

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈش مۇمكىن، قىز ـ ئاياللار ئەڭ ئاۋۋال يەنە ئانا، ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە تەرىپاتلار نۇرغۇن: «ئانىنىڭ بىر قېتىملىق سۈتى ھەققىگە، يەتتە رەت ئاپارماق ھاجەت مەككىگە.» (ئابدۇرېھىم قاسىم) ھەرقانداق بىر قىز ئانا بولىدۇ. ئايال كىشى بىر مۇنبەت زېمىن، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن دۇنيا كۆكلەيدۇ. دېمەك، قىز ـ ئاياللارنى بۇ سالاھىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە بىز ئۇنىڭ ئويۇنچى، ئىچەرمەن، ئىدىيەسى «ئېچىلىپ كەتكەن» بولۇشىنى خالىمايمىز. ئاندىن كۈتىدىغان سۆيۈشتىمىز مېھرىبانلىق، كەڭ قورساقلىق، پەرزەنتكە بولغان تەڭداشسىز مۇھەببەت. ھەرقانداق بىر ئادەم ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا تۆرەلگەندىن باشلاپ ئانىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ، ئانىنىڭ روھىدىكى ھەرقانداق نەرسە قان ئارقىلىق بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆ-

چىدۇ. ناۋادا ئانىنىڭ كۆڭلىنى ناچار ئىدىيەلەر قاپلاپ كەتكەن بولسا ئۇنى قان ئارقىلىق بالىغا ئۆتمەيدۇ دېيەلمەيمىز، بالا تۇغۇلـ-غاندىن كېيىن ئانا ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھ بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئانىدىكى خۇلق قاتارلىقلار بالىغا ئۆتىدۇ. ئانا تەبىئىي ھالدا بالىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇلارنى تونۇغاندىن كېيىن بىز بىر قىز ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەمەس، بىر ئانا، بىر مۇنبەت تۇپراق، ئۇستاز سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. ناۋادا ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك ئاياللار ساۋاتسىز، ئەخلاقسىز، يامان خۇيلۇق بولسا، ئەلۋەتتە پەرزەنتلىرىمىز كىچىك ۋاقتىدىلا يامان تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئانىدىكى ئىللەتلەر بالىغا ئۆتىدۇ. بىر قىز قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك بولىسىچۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ نەتىجىسى بىزگە مەلۇم. كاللىسى جايىدا ھەرقانداق ئادەم بۇ نەتىجىنى قىياس قىلالايدۇ. ئۇنداقتا بىزگە بىلىملىك قىز كېرەك. بىلىم بىلىش دېمەكتۇر، بىلىشنىڭ ماھىيىتى دۇنيانى، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى، ھەقنى، ھەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش دېمەكتۇر. بىلىملىك قىز ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنى، مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەڭ توغرا ھەقىقەتنىڭ روـ-ھىغا يېقىن بىلەلىگۈچى دېگەنلىكتۇر. بىزگە ئەخلاقلىق قىز كېـ-رەك. ئەخلاق بىر كەڭ كاتېگورىيە، ئىنسانلار ئەگىشىۋاتقان قىمـ-مەت قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئەخلاقىمۇ پەرق بولىدۇ. ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چوشقا گۆشى يېيىش چەكلەنگەن. بۇ ماھىيەتتە بىر ئەخلاق. لېكىن بىر خىرىستىيان ئۈچۈنچۇ؟ ماركسىزمچى بىر خەنزۇ ئۈچۈنچۇ؟ چوشقا گۆشى يېيىش ئەخلاقسىزلىق كاتېگورىيەسىگە تەۋە ئەمەس. دېمەك، ئەخلاق پەرقـ-لىق بولىدۇ. ئەخلاقتا ئاساسەن كىلىپ چىققان تۇرمۇش قاراشلىـ-رىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنداقتا قىزلىرىمىز قانداق ئەخلاقتا ئىگە بولۇش كېرەك؟ شەرم ـ ھايا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆرك-

لىرىدىن بىرى. شەرم ـ ھايالىق بولۇش كېرەك. نۇزۇگۇم، ئاماننىساخان، رىزۋانگۈل، سەنەم، لەيلى، شېرىن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۆز ئەركى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، مۇھەببەتنىڭ پاكلىقىنى ھاياتىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ قىممىتىگە ھەسسىلەپ قىممەت قوشىدىغان باتۇر، ھەقىقەتنىڭ، ھەقنىڭ پەرۋانىسى بولۇشى كېرەك. بۇ خىل سۈپەتلەر قىزلىرىمىزنىڭ ئانىلىق ئۇلۇغلۇقىنى، مەشۇقلۇق سۆيۈملۈكلۈكىنى، ئىنسانلىق قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. تىرىشچان، پاكىز بولۇش كېرەك ياكى بىزگە شۇ سۈپەتلەرنى ھازىرلىغان قىزلار كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە «دىيانەتلىك خوتۇننى ئالغىن، ئاللا سېنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىدۇ» دېيىلگەن. (سەھىھۇل بۇخارى ۋە قەستالانى شەرھى، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى.)

ئۇنداقتا دىيانەت دېگەن نېمە؟ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلى»نىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ 548 ـ بېتىدە دىيانەت دېگەن سۆز «كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدان، ئىنساب، ئىشەنچ، پاكلىق» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. دېمەك، قىزلىرىمىزنىڭ ۋىجدانلىق، ئىنسابلىق، ئىشەنچلىك، پاك بولۇشى بىزنىڭ بەختىمىز، تەلىيىمىز. دېمەك، بىزگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەكلىكى مۇشۇ قۇرلاردىن يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى. دىيانەتلىك خوتۇن ئېلىش ئەۋلادلارنى دىيانەتلىك ئانىغا ئىگە قىلىش دېگەنلىك، بۇ ماھىيەتتە دىيانەتلىك ئەۋلادقا ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر.

«تالاي ئابرۇيلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر، خوتۇنلار تۈپەيلى ئۆزى بولدى يەر.» (قۇتادغۇبىلىك، ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.) مانا بۇ بۈيۈك

مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قىز - ئاياللار ھەققىدىكى ئىخچام كۆزقارىشى. ئۇيغۇرلاردا «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. دېمەك، ئاياللارنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولغاندا، ئائىلىگە، ئەرلەرگە تاقىلىدۇ. ئەخلاقلىق، نومۇسچان، دىيانەتلىك، گۈزەل، بىلىملىك قىز - ئاياللار ئائىلىنىڭ، ئەرلەرنىڭ بەختىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ بەختى.

ئابدۇقادىر داموللا شۇ سەۋەبتىن ئاياللارنى ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك تەربىيەلەش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، لېكىن ئابدۇقادىر دامولللىنىڭ ئەۋلادى بولغان بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىمىز غەلىتە. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاياللارنىڭ ئوقۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا ئەرزىمەيدۇ ياكى ئۇلارغا مەبلەغ سېلىشنىڭ قىممىتى ئوغۇل باللارنىڭ تەربىيەسىگە مەبلەغ سېلىشتىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇلارغا بىر قىزنىڭ ئانا بولۇپ باللارنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى بولىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققەت بولۇپ تۇيۇلمىسا كېرەك. ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەسلىكى ھەققەتەن بىر پاجىئە. جەمئىيەت سەرخىللىرىنىڭ كەلگۈسى ئانىلارغا چىقىش يولى بېرىشتە بېخىللىق قىلىشى بىر ئەلنىڭ نادانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسپاتى.

بىزگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر ياخشى ئۇسۇل بىزگە كېرەك ئەمەس قىزلارنىڭ قانداقلىقىنى ئايرىپ چىقىش. لېكىن بىز دېگەن ئۇقۇمنىڭ تايانچى چوقۇم بىر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن ئەخلاق بولۇشى كېرەك. بىزگە كېرەكى كۆڭۈل ئېچىشىمىز ئۈچۈن ئارزۇلىنىدىغان قىزلار ئەمەس، توي قىلىش، باللار، مىللەتنىڭ ئانىسى بولۇشى ئۈچۈن ئارزۇلىنىدىغان

قىزلاردۇر. بىز لاياقەتلىك ئانا، دىيانەتلىك مەشۇق، گۈزەل، پاكىز، مېھرىبان، بىلىملىك ئاچا ـ سىڭىل... لارغا موھتاج.

## قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پىشسۇن

قىزلار كىچىكىدىن باشلاپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ئۆگەنسە، ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشىدا، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە، ياخشى ـ يامانىنى ۋاقتىدا پەرق ئېتىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىدە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش كىشىنى ھەر خىل قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتلىرى بىلەن سىناپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، قولى چېۋەر، ئىچى كۆچلۈك قىزلار بۇ تام ـ توسۇقلاردىن ئۆي ئىشلىرىغا پىشمىغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل، قولىدىن تاماق ئېتىشمۇ كەلمەي كوچىدىن تاماق يېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان تەييارتاپ قىزلارغا نىسبەتەن تەمتىرىمەي، دادىللىق بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، ھاياتىي كۈچى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ. ھالبۇكى، قىزلىرىنى ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇزماي ئۆگىتىپ قويۇپ، كېيىن قىلغۇزىمەن دەپمۇ قىلغۇزالمايدىغان ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ كۈنلەردە خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. ئۆينى قانداق تۈتۈشنىمۇ بىلمەيدىغان مۇشۇنداق ئەركە، مودا قىزلىرىمىزنىڭ ئالدى تۇرمۇشلۇق بولدى، ئۆيىگە ئىككى مېھمان كېلىپ قالسا، قازان قايىنىتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشنى ئۇقمايدىغان، كۈندە نەچچە ۋاق سىرتتىن تاماق يەپ ئالغان مائاشىنى يەتكۈزەلمەي، يا قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ تۇپەيلىدىنمۇ بۇ-

زۇلۇشقا يۈز تۇتتى. شۇڭا، قىزلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پىششىقى، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇلارنى بىلمىگەن قىزلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل دەپ كېسىپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن. بىر يېقىن دوستۇمنىڭ كىچىك سىڭلىسى بەكمۇ ئەركە ئىدى، خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ ئاتا ـ ئانىسى، ئاچا ـ ئاكىلىرى ئۇنى «كىچىك» دەپ نېمىنى دېسە قىلىپ بېرەتتى، ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايتتى، قازان بېشىغا يېقىنمۇ يولاتمايتتى، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا، «كىچىك ئەمەسمۇ، ئۇ دېگەن كىچىك تۇرسا...» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىمۇ ئاشۇ «كىچىك» پېتى تۇرىۋەردى. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قىزنىڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە كېيىن تۇرمۇشلۇق بولغاندا قىينىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ھازىر ياخشىلىق قىلغاندەك تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە يامانلىق قىلىۋاتقانلىرىنى بىلىشمىدى. كېيىن بۇ قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن توي قىلدى. بىر ـ ئىككى ئاي كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش كۆچەيگىلى تۇردى، بۇ سۈركىلىش ئاخىر بېرىپ ئۇرۇش ـ تالاشقا ئۆزگەردى. بۇ قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيگە يامانلاپ كېلىشى كۆپەيگىلى تۇردى. بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۇلارنى ئاجرىشىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، دوستۇمدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. دوستۇم بېشىنى چايقىغان ھالدا ھەسرەتلىك تىنىپ مۇنداق دېدى: «ھەممە سەۋەنلىك سىڭلىمدىن، تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە بىزدىنمۇ كېتىپتۇ. ئايدەك سىڭلىمىزنى ئەركە ئۆگىتىپ، قازان بېشىغا يېقىن يولاتماي ياكى ئۆي ئىشلىرىغا سالماي بەك خاتا قىلغانىكەنمىز، سىڭلىم تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئالتە ياشلىق قىزلارچىلىكمۇ بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشلۇق بولۇشقا يېشى توشقان بىلەن تۇرمۇش تەجرىبىسى قەتئىي توشمايدىكەن، ئۆيدە بىرنەچچە يىل تاماق ئېتىشنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشنى

ئۆگىتىپ ئاندىن تۇرمۇشقا چىقىرىدىغان ئىشكەنتۇق.» مەن نېمىشقا بۇنداق دەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم، دوستۇم تېخىمۇ ئېغىر تىنىپ مۇنداق دېدى: «ئويلاپ باقمامسەن، سىڭلىم تويقىلىپ ئىككى يىلغىچمۇ تاماق ئېتىشنى ئۆگىنەلمىگەن تۇرسا، ئەر ـ خوتۇن كۈندە سىرتتا تاماق يەۋەرگەن بىلەن تاغمۇ توشمايدۇ ـ دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركىمنىڭ ئۆي تامىقىنى سېغىنىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ قولىدىن چىققان تاماقنى يېگۈسى كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىڭلىم تاققىدە بىر قاچا ئىسسىق تاماقنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويالمايدۇ ـ دە. بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، سىڭلىمنىڭ ئېرى ئۆي تامىقىنى ئوخشىتىپ ئېتىدىغان بىرى بىلەن تېپىشىۋاپتۇ.» دوستۇم يىغلامسىراپ يەنە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: «ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇلار ئىككىسى نەچچە يىل مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن توي قىلغانىدى، بىر ـ بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، تۇرمۇش يولىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبى ئېچىلىپ قالدى، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ئەيىبلىرىنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ياپالمىدى. سىڭلىم ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. بىر كۈنى بارسام شۇنداق چىرايلىق يېڭى ئۆي شۇنچىلىك مالىمان تۇرۇپتۇ، مەن يىغىشتۇرۇپ بەردىم، مېنىڭمۇ ئۆيۈم، بالىلىرىم بار تۇرسا، ئۆزى قىلالمىسا، ھەر كۈنى بېرىپ يىغىشتۇرۇپ بېرىشكە مېنىڭمۇ چولام تەگمەيدۇ ـ دە. ئېرىنىڭ ئاغىنىلىرى بىرنەچچە قېتىم ئۇنى ئۆيى قالايمىقان ۋە مەينەت تۇرغانلىقىدىن مەسخىرە قىلغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جېدەللى ئۇزۇلمىدى، ئۆزىمىز شۇنداق تەربىيەلەپ قويغاندىكىن بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىردا مۇشۇنداق ئىش يۈز بەردى. توۋا، يۈز مىڭ توۋا، يەنە مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ بەش ياشلىق قىزىمنى ھازىردىن باشلاپ كۆچى يېتىدىغان ئىشلارغا سېلىشقا، تاماق ئېتەلمىسىمۇ مۇشۇ

ئىشقا مايىل قىلىشقا باشلىدىم دوستۇم. قىز بالا دېگەن تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىسە، ئۆيىنى چىنىدەك تۇتۇشنى بىلسە ئاندىن ئۇ قىز بالىكەن، بولمىسا سەن دەپ باقە، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدىن نېمە پەرقى بار؟ نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي قىز ـ لىرىنى قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنى قىل ـ غۇزمايۋاتىدۇ، ئاخىر سىڭلىمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلسە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدا پۇشاي ـ مان قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەڭ ياخشىسى، ئىشنى قىزلىرىمىز ـ نىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلىغىنىمىز تۈزۈككەن.» بىر دوستۇمنىڭ «قىز بالا دېگەن تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىسە، ئۆيىنى چىنىدەك تۇتۇشنى بىلسە ئاندىن ئۇ قىز بالىكەن، بولمىسا سەن دەپ باقە، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدىن نېمە پەرقى بار؟» دېگەن سۆزى مېنى ئويلاند ـ دۇرۇپ قويدى. ئۇرۇمچىنى مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، مۇشۇ بىر ـ نەچچە يىلدىن بېرى تېز تاماقخانىلار مىسلىسىز كۆپىيىپ كەتتى ھەم ياخشىلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز خېرىدارى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، بۇ شەھەردە ئاھالىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆيدە تاماق يەيدىغانلارنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆيدە تاماق ئېتىدىغان قىز ـ ئاياللار ـ نىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇنئىي يېمەكلىك ـ لەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئاشخانا تائاملىرىنىڭ ئۆي تائاملىرد ـ نىڭكىگە قارىغاندا تەييار خۇرۇچلارنى كۆپ ئىشلىتىشى ۋە قورۇ ـ غان، ئاچچىق ـ چۈچۈك يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن كىشىلەردە كېسەللىكلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇمۇ تاماق ئېتىشنى بىلمەيدىغان قىزلىرىمىزنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن بىۋاستە مۇ ـ ناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە تاماق ئې ـ تىشنى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان قىزلىرىمىزنىڭ تاماق ئەتـ ـ مەي بىكار يۈرۈشى، ئاشخانىدىن تەييار تاماق يېيىشى، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تۇرمۇشنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى

تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇپ، بۇ بۇزۇلۇش نۇرغۇن ھەل قىلىنمىغىلى بولمايدىغان چىگىش، يېڭى مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە چېتىلىپ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشىمۇ مۇمكىن. قازاقىستاندا ئوقۇپ كەلگەن بىر دوكتورنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئالمۇتادىكى بىر ئۇيغۇر مەكتىپىگە بارغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش، تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن. ئۇ يەردىكى مەكتەپلەردە دەرس بەش ـ مۇنازىرىلەر ئىچىدە داۋاملاشقاندىن سىرت، چۇشلۇكى باللار مۇئەللىملەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرى قول سېلىپ تاماق ئېتىدىكەن. خېمىرنى قانداق يۇغۇرۇش، تۇزنى، ياغنى قانچىلىك ئىشلىتىش، تاماق خۇرۇچلىرىنى قانداق تەييارلاش ۋە تەڭشەشنى مۇشۇ جەرياندا ئۆگىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كىر يۇيۇشنىمۇ مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەتراپلىق ئۆگىنىپ چىقىدىكەن. يەنە قىزلارغا رېشىلىيە ئىشلەش، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلىق قىلىش، كىيىم پىچىش، تىكىش قاتارلىق ئائىلىدە قىزلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىدىكەن. ئوغۇللارغا بولسا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئائىلىنىڭ ئوغۇللار قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قىلىشتەك ھۈنەرلەرنى ئەتراپلىق ئۆگىتىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەمگەك دەرسى ئىكەن. بۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان قىزلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغاندا تاماق ئېتەلمەيدىغانلىرى، كىر يۇيالمايدىغانلىرى ۋە ئۆي سەرەمجانلاشتۇرالمايدىغانلىرى يوق ئىكەن. ھازىر ياش ئانىلار قىزلىرىغا تاماق ئېتىشنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەتمىگەچكە، بىر تۈركۈم «سىرتتىن تاماق يەيدىغان قىزلار» مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. قىزلارنىڭ تاماق ئېتىشنى بىلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، تاماق ئېتىشنى ئۆ-

گىنىش جەريانىدا ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي تائام مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزى قول سېلىپ يارىتالايدۇ؛ قولى چېۋەرلىكىدىن باشقىلارنىڭ (بولۇپمۇ تائامنى تېتىغۇچىلارنىڭ) ماختىشى ئارقىلىق ئۆز ئەمـ- گىكىنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز شادلىققا چۆمىدۇ، بۇ سالامەتلىككە بىۋاستە پايدىلىق؛ تاماق ئېتىش جەريانىدىكى ھەرىكەت ۋە مېڭىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىشلىتىش قىزلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھەرىكەت پائالىيىتى بولۇپ، بۇ ئادەم ئورگانىزمىنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېـ- لىشتىكى ئىنتايىن ئەپچىل ئۇسۇلدۇر؛ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى قىزلار تاماق ئېتىشنى بىلىپ ئۆيدە تاماق ئەتكەندە، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە تۇتۇش مەقـ- سىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتلىرىنى سۆزلىـ- مىسەممۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئاياندۇر. دېمەككى، ئۆي ئىشلىرىغا پىشـ- قان، قولى چېۋەر، تاماق ئېتىشكە ئۇستا قىزنىڭ قىزلارغا خاس جۇلا، ئەدەپ ۋە سىپايىلىكتە يېتىلگەن قىز بولىدىغانلىقىغا تولۇق كاپالەت بېرەلەيمەن.



## قىزلارنىڭ ۋاقتى ئەڭ قىممەتلىك

ئويلاپ كۆرۈڭ، بىر قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن بولىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشلۇق بولىدۇ، يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن پەرزەنتلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلە بىلەن خىزمەتنىڭ ئېغىر يۈكى يەلكىسىگە يۈكلىنىپ، ئۇھ دېگۈدەك ھاـ- لىمۇ قالمايدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ناھايىتى نۇرغۇن تۇرمۇشلۇق بولغان قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئىگىـ- لەش، ئالغا ئىنتىلىشلەرنى بىراقلا تاشلاپ، ئائىلە، خىزمەت بىـ- لەنلا بولۇپ كېتىدۇ، مەرىكە. قاتار چايلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى

بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئانىلارنىڭ بالىلىرى يا ياخشى تەربىيەلىنەلـ
ـمەيدۇ، ياكى بۇ ئانا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلالمايدۇ، شۇنداق
قىلىپ ھايات بىھۇدىچىلىكى يۈز بېرىپ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بۇ
قاتاردىكى ئىنسانلاردا توختىماي داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ
قىسقا ۋاقىتنى ئويلىغىنىمىزدا، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى تەلەپكە
يېتىدىغان قىزلارنىڭ قىرلىق ۋاقتى، ھايات ئىككى ۋە ۋاقىت ئىككى
تۇرغۇزۇپ، ھايات قايىنىمىغا، پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ جەسۇرانە
ئىلگىرىلەيدىغان ۋاقتى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ، شۇڭا قىسقا ۋاقىتـ
ـتىكى بۇ ۋاقىت قىزلار ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ،
مۇشۇ ۋاقىتتا ئاساس سېلىنغان ھەرقانداق ئىش شۇ قىزنىڭ ئۆـ
مۈرلۈك ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككى قىز بولۇپ،
ئۇلار ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ باشقا ـ باشقا
شەھەردە خىزمەتكە چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭلا يۈكسەك
ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، يەتمەكچى بولغان نىشانلىرى بار ئىدى. ئەمـ
ـما، بىرى خىزمەتكە چىقىپلا خىزمەتداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ
قىزىقتۇرۇشى بىلەن مەقسەتسىز ۋە پىلانسىز ھالدا كۈن ئۆتكۈـ
زۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىداردە خىزمەتنى ياخشى
ئىشلىسە ۋە مائاشنى تولۇق ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزسە، كۇپايە ئىدى.
ئۇنىڭ مىجەزى يېقىشلىق، مۇلايىم، گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاچقا،
يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى، يىگىتلەر ئۇنى قولغا
چۈشۈرۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشاتتى، ئاخىر ئۇ ئۆزى ياخشى
كۆرگەن بىر يىگىت بىلەن توي قىلدى، توي قىلغان كۈندىن باشلاپ
تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى ۋە دوستانە بېرىش ـ كېلىشلەرنىڭ ئاـ
يىغى ئۈزۈلمىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇماق بىر ئوغۇل تۇغدى،
ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېـ
ـيىن، ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئولتۇرۇش، قاتار چاي، توي ـ
تۆكۈننىڭ خاس ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ
دەل يەتتە يىل بولغاندا ئالىي مەكتەپتىكى ھېلىقى دوستى بىلەن

ئۆچۈرۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ دوستى ناھايىتى جۇشقۇن، روھلۇق ئىدى، گەپ ـ سۆزلىرىدىن پاساھەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇشۇ يەتتە يىل جەريانىدا نەچچە ئون ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان، بىر كىتابنى نەشر قىلدۇرغان، يەنە بىرنەچچە كىتابلىرىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغانىدى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ: «توي قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھەئە.» «بالاڭ بارمۇ؟» «ئىككى بالام بار.» «ئۇنداقتا قانداق قىلىپ شۇنچىلىك كۆپ ئىشلارنى قىلالىدىڭ؟» دېدى دوستى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ. «مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ناھايىتى مۇكەممەل بولغان بىر پىلان تۈزۈۋېلىپ، ۋاقىتمنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردۇم» دېدى دوستى تونۇشتۇرۇپ، «بىر يىلدا قانچىلىك كىتاب ئوقۇپ بولالايدىغانلىقىمنى، نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىمنى، تىلدا قانچىلىك بۆسۈش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم ۋە مۇشۇ بويىچە پىلانلىق ئىش ئېلىپ باردىم.» «ئۇنداقتا، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارغىمۇ قاتناشماپسەن ـ دە؟» «قاتناشتىم، ھەممە ئىشىم ئەل قاتارى بولۇپ تۇردى، پەقەت بىكاردىن ـ بىكار ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان قاتار چاي دېگەن نەرسىگە قاتنىشىپ باقمىدىم. مەن مەرىكىلەرگە ئۆز لايىقىدا قاتنىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولساممۇ، لېكىن شۇ كۈنى پىلان قىلغان ئىشنى جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ شۇ كۈنى قىلىپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلدىم، شۇڭا بۇنداق مەرىكىلەر مېنىڭ پىلانىمغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.» «توي قىلغاندىن كېيىنچۇ، قانداق قىلدىڭ؟» «توي قىلىپ تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن يۈكۈم ئېغىرلاشتى، ئەمما يەنىلا پىلانىم بويىچە ئالغا بېسىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالام بولغان مۇشۇ كۈندىمۇ ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئىشلىرىمنى ئاقتۇرۇپ كېتىۋاتىمەن.» «ھاسىل قىلغان ئەڭ چوڭ تەجرىبەڭ قايسى؟» «قىزلىق ھاياتنىڭ قىممەتلىكلىكىنى تونۇپ ئەتراپلىق پىلان تۈزۈش، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر بەل قويۇۋەتمەسلىك،

يەنە ئەڭ مۇھىمى، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئالغا ئىنتىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماسلىق.» شۇندىلا ئارمىنى ئارمان پېتىچە قالغان قىز ئۆزىنىڭ زادى قايسى جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ، بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمرىگە قاتتىق ئۆكۈنىدى، ئەمما بۇ تولىمۇ كېچىككەن ئۆكۈنۈش ئىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە يەنە پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى قىلسا بولمايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. قىزلىق ۋاقتىنى، ئانا بولۇشقا تەييارلىنىش باسقۇچىدىكى قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈش كېيىنكى ئۆمۈرنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ناھايىتى خەتەرلىك تاللاشتۇر، بۇ تارچۇق يولغا كىرىپ قالغان كىشى ئاسانلىقچە ئۆزىنى تارتىۋالالمايدۇ، ھەرقانچە ئىستېداتى بولغان تەقدىردىمۇ بەربىر ھېچقانچە زور نەتىجە قازىنالمايدۇ. شۇڭا، قىزلارغا ئېيتىپ قويىدىغان ئەڭ مۇھىم سۆزۈم شۇكى، قىزلىق ۋاقتىنىمۇ قىممەتلىك ۋاقىت كېيىنكى چاغلاردا ھېچقاچان نېسىپ بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى شۇنچىلىك قەدىرلەش ۋە ئاسراش، ئۇنى توغرا يۈنىلىشكە قاراپ بىر ئىزغا سېلىش ئىنتايىن مۇھىم، ئەقىل ئىشلىتىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا چوڭلارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ۋاستىلىك ھالدا ھايات تەجرىبىسى ھاسىل قىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلىدۇر. مۇشۇ ھالقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلالىغان قىز تۇگىمەس گۆھەرنى يېنىدا ساقلىغان ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

## قىزلار تاللىق باغقا كىرىپ قالغاندا قانداق قىلىشى كېرەك

بىر قىز ئىشتىن سىرتقى ناخشا چولپىنى بولۇپ باھالانغاندىن كېيىن، بىر ئاينىڭ ئىچىدىلا يۈز پارچىدىن ئارتۇق مۇھەببەت خې-

تى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئۇ بۇ خەتلەرنى شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇپ يۇرىكى ئويناپ كېتىپتۇ. ۋەكىللىك خاراكتېردىكى بىر خەتتە: «سىزنىڭ ناخشىڭىز شۇقەدەر گۇزەلكى، ناخشىڭىزنى ئاڭلىسام قەلبىمنى شېرىن تۇيغۇ چۇلغىۋالغاندەك بولىدۇ. سىزنىڭ گۇزەل تۇرقىڭىزدىن سىزنىڭ چولپان ناخشىچى، ئۆزى ۋە قەلبى گۇزەل بىر قىز ئىكەنلىكىڭىزنى جەزم قىلغىلى بولىدۇ. مەن سىزنى بەك-مۇ ياخشى كۆرىمەن. سىز بىلەن دوستلىشىپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالسام دەيمەن، مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قوشۇلامسىز؟» دەپ يېزىلغانىكەن. بۇ مۇھەببەت خەتلىرى قىزدا نۇرغۇن گۇزەل تە-سەۋۋۇرلارنى پەيدا قىلغاچقا قىز نېمە قىلىشنى، قايسى خەتكە نې-مە دەپ جاۋاب بېرىشنى، كىمنى ئۆزىگە دوست قىلىپ تاللىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

چىرايلىق ئېچىلغان گۇل تەبىئىي هالدا تۇمەنلىگەن هەسەل هەرىلىرىنى جەلپ قىلىدۇ. ئەي قىز سىز ياش هەم چىرايلىق، ناخشا ئېيتىشقا ماهىر. شۇڭا نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ سۆيگۇ ئىزهار قىلىپ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالىسىز. ئەمدى قانداق قىلى-سىز؟

مېنىڭچە مېڭىڭىز سەگەك، پوزىتسىيەڭىز توغرا ۋە ئېنىق بو-لۇشى كېرەك، بۇ بىرىنچى نۇقتا. بەزى قىزلار نۇرغۇن يىگىتلەر-نىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇپ كې-تىپ، ئۆز قىممىتى بىردىنلا ئېشىپ قالغاندەك هېس قىلىدۇ. بە-زىلىرى هەتتا مۇهەببەت خەتلىرىنى خەقلەرگە ئاشكارىلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرماقچى بولىدۇ. يەنە بەزى قىزلار تېخىمۇ كۆپ يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، قوغلىشىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، تاللاش دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئويلىمىغان يەردىن يىگىتلەر سىز-نىڭ ئىستىلىڭىزنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، سىزگە بولغان قىزى-قىشى بىردىنلا سۇسلىشىپ، سىزدىن يىراقلىشىشى، شۇنىڭ بىلەن

سىز يېگانە ئادەم بولۇپ قېلىشىڭىز ھەم لايىق تاللاشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. ياخشىسى ئۇلار-نىڭ ئىچىدىن ياخشىسىنى تاللىشىڭىز، مۇھەببەت ئىزھار قىل-غانلارنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل دەۋەرمەسلىكىڭىز كېرەك. بۇ ئىك-كىنچى نۇقتا. بەزى قىزلار نۇرغۇن يىگىتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇزۇلمەي كېلىپ قىزغىن سۆيگۈلىرىنى ئىزھار قىلغاندا، خۇددى تاللىق باغقا كىرىپ قالغاندا كۆزى تورلاشقاندەك ئۇنىمۇ ياخشى، بۇنىمۇ ياخشىكەن دەپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، بۇنىڭ بىلەن سەيلە قىلىپ يۈرىۋېرىدۇ. كىمنى تاللاش كېرەك؟ بىرىگە كۆڭۈل توختىتالماي، ئارىسالدىلىقتا يۈرىدۇ. بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. ئۆزىنى قوغلىشىۋاتقان يىگىتلەر ئۇستىدە ئەتراپلىق مۇلا-ھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ياخشىلىرىنىڭ ئىچىدىن ياخشىسىنى تاللىۋېلىش كېرەك. مۇقىم بىرنى تاللاشتىن ئاۋۋال ھەممىسى بىلەن ئادەتتىكىچە يولداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇش، ھەرگىز چەكتىن ھالقىپ كەتمەسلىك كې-رەك، بولمىسا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ. مۇقىم بىرىنى تال-لىغاندىن كېيىن، قالغانلىرىغا دەرھال ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈ-رۈپ، باشقىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يېڭى مۇھەببەتداش تېپىۋېلىشىغا يول قويۇش لازىم. سالماقلىق بىلەن تاللىشىڭىز، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. بۇ ئۈچىنچى نۇقتا. سۆيگۈ ئىزھار قىل-غۇچىلار كۆپ بولۇپ كەتكەندە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئالدىراق-سانلىق بىلەن ئادەم تاللىماي، بەلكى ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن سۆي-گۈ ئىزھار قىلغۇچىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاندىن تاللاش كېرەك. بەزى قىزلار نۇرغۇن يىگىتلەر ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ سۆيگۈ ئىزھار قىلسا ياكى قىزنىڭ رايىغا بېقىپ ياخشىراق بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا بىرەر كۈنمۇ ئاراملىق بەرمىسە، دەرھال بى-رىنى تاللاپ، قالغانلىرىنىڭ دائىم ئاۋارە قىلىشىدىن قۇتۇلماقچى

بولىدۇ. ئىشىنىش ئاسان بولۇشىنىلا كۆزلەيدىغان بۇ خىل ئۇسۇل ئۆزىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپ، بۇ قىسقا ۋاقىتلىق تىنچلىقنى ئىزدەش ئۇزاق مەزگىللىك ئازاب ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تېپىش نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن، خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىقلاردا يار - يۆلەك بولالايدىغان، بېشى ئاقىرىپ، چىشى قالمىغۇچە بىللە ئۆتەلەيدىغان ئادەمنى تېپىشتىن ئىبارەت. ئالدىراپ - تېنەپ بىر قارارغا كېلىپ لايىق تېپىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتىدىغان ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇش كىشىگە نەقەدەر ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ - ھە! بىر قىزغا نۇرغۇن يىگىت مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا، بۇ قىز ئۇلارنىڭ غورۇرىغا ھۆرمەت قىلىپ ئاسرىشى كېرەككى، ھەرگىز مەسخىرە قىلىپ ئەخمەق ئەتمەسلىكى لازىم. بىر قىزنى نۇرغۇن يىگىتنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىشى شۇ قىزنىڭ پەخرى ۋە بەختى. لېكىن ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىسا، پاجىئە كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى تاللاش كېرەك.

## قىزلار، دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن ئايرىلماڭ

دوستلۇق قىزلاردا سەمىمىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزى دوست بولغان كىشىگە ئىشىنىش، باشقىلارنى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قىزلاردىكى چىن دوستلۇق ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ھاياتقا نىسبەتەن تەلەپچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىزلارنىڭ يالغۇزسىراش، زېرىكىش ھېسسىياتىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا روھ قوشىدۇ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى قىزلارغا ئاسانلا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىك

خاھىشىنى تولۇپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشكە تولۇق بولىدۇ. قىزلار-نىڭ دوستلۇقى ماھىيەتتە مىجەزى كېلىشىدىغان بىرنەچچە قىز-نىڭ بىر-بىرىنى قوللاش، بىر-بىرىگە ئىلھام بېرىش، دوستلارچە رىقابەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، توختىماي ئالغا ئىنتىلىدىغان روھقا ئىگە قىلىدۇ. ئە-مەلىيەتتە ھەقىقىي دوستلۇققا يارىغان قىزلار باشقا ھەرقانداق ئىشقىمۇ يارايدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادا يالغۇز ياشىيالمايدۇ، دوست-بۇرادەرلەرسىز بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقلىرى ۋە خاپىلىقلىرىنى كۆ-تۈرۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس؛ ياخشى، ساداقەتمەن دوست تۇتقان كىشىنىڭ بەختى ئېچىلغان بولىدۇ، ھەرقانداق بىر ئېغىر يۈكنى دوستلار بىلەن بىرگە كۆتۈرگەندە ئۇ يۈك ھېچقانچە ئېغىر بىلىن-مەيدۇ. كەلگۈسىدىكى ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، پەرزەنتلەرنىڭ پەر-ۋىشچىسى بولغان قىزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا دوستلىشىش، بو-لۇپمۇ ساداقەتمەن دوستلارنى تېپىپ ئارىلىشىش، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇش، ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىشىش، مۇڭدىشىش، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش، ئۈلگە ئېلىش، بىر-بى-رىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، بىر-بىرى بىلەن دوستانە رىقابەتلىشىش قىزلارنى ناھايىتى روھلاندۇرىدۇ، ھاياتنى جۇشقۇنلۇققا تولدۇرىدۇ، بىرەر قىيىن مەسىلىگە يولۇققاندا ساداقەتمەن دوستلىرى ھە-مۇ قىلىپ بىردەمدىلا ھەل قىلىۋېتىدۇ. مۈشكۈلنىپ قالغاندا، بې-شىغا كۈن چۈشكەندە، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىملىرى يەلكىسىنى باسقاندا، دوستلىرى ئۇنىڭغا مۇڭداش بولالايدۇ، قولىدىن كېلىشى-چە ياردەم بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ غەم تېغى ئەۋزەل، خۇددى سۇ ۋە ھاۋا بولمىسا بىزنىڭ ھاياتىمىز كاپالەتكە ئىگە بولمىغىنىدەك، كىشى-نىڭ دوستى بولمىسىمۇ بۇ ھاياتنى ياشاپ بولۇش ئىنتايىن تەس، شۇنداقلا مۇمكىن ئەمەس دەپ ئېيتساقمۇ تامامەن بولىدۇ. دوستى-يوق ياكى كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، تەنھا ئادەملەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىدىن، خاراكتېرىدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن بولىدۇ. مىجەزى

ياخشى، ئەخلاقلىق، چىقىشقاق بولسا چوقۇم ئۇلارنىڭ دوستلىرى بار بولغان، ساداقەت ۋە ھەممەتتە باشقىلارنىڭ دوستلىرىنى بىسىپ چۈشكەن بولاتتى. دانالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچ گۇرۇھ كىشىلىرى بىلەن دوستلۇق يولىنى تۇتۇش مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر. بىرىنچىسى، ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىنى ئىلىمۇئەدەپ بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان بولىدۇ. ئىككىنچىسى، خۇش تەبىئەتلىك سائادەتمەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ ۋە ھېچقاچان ئاشكارىلىمايدۇ. دوستلىرىدىن سادىر بولغان خاتالىقلار ـ نى خىلۋەت جاي تېپىپ ئۆزلىرىگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۇگۇت ـ نەسىھەتىنى ئايىمايدۇ. ئۈچىنچىسى، غەرەزسىز ۋە تەمەسىز كىشى ـ لەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي بولىدۇ، بىرەر پايدىنى كۆزلەپ دوستلاشقان بولمايدۇ. ئەي قىز! بۇ دۇنيادا دوست تۇتماق ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئىنتايىن مۇشكۇل، دوستلۇق بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان، دوستلۇق ھارۋىسىنى سۆرد ـ يەلمەيدىغان، ئەخلاقسىز، بىمەنە، لاۋزا، قالاق قىزلار ھەرگىز دوستلۇققا يارىمايدۇ. بىلىڭكى، سىز ھاياتىڭىزنى قانچىلىك سۆيـ ـ گەن بولسىڭىز، دوستىڭىزنىمۇ شۇنداق سۆيۈشىڭىز، مۇھەببەت باغلىشىڭىز، ياخشى كۆرۈشىڭىز كېرەك. مىننەتسىز، شەخسىيەت ـ سىز بىر خىل ھېسسىيات يۇرىكىدە مەۋج ئۇرالىغان كىشىلەرلا چىن دوستلۇق شارابىدىن بەھرىلىنەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن سائادەت ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. يەنە يامان خۇيلۇق، بەتقىلىق، ئەخلاقسىز، قىلغان ئىشىنى مىننەت قىلىدىغانلارنى ھەرگىز دوست تۇتماڭكى، ئۇلاردىن سىزگە زەرەر يەتسە يېتىدۇكى، ھەرگىز مەنپە ـ ئەت يەتمەيدۇ. ھېچقانداق روھىي تەسەللىيسىگە، دوستلۇق لەززد ـ تىگە چۆمۈلمەيسىز. بۇ رىياكار دوستلاردىن ساداقەتمەنلىك كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ساداقەتمەنلىكتىن ئايرىلغان دوستلۇق قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى بولمايدۇ، ئاخىر ۋەيران

بولىدۇ. شۇڭا دوست تاللاشقا دىققەت قىلىشىڭىز، مىجەزى چىقىشىدىغان، كۆڭلى يېقىن، قەلبىدە ساداقەتمەنلىك ئورۇقلىرى بىخ ئۇرغان، بىلىملىك، ئەخلاقلىق كىشىلەرلا سىزنىڭ دوستىڭىز بولۇشقا لايىقكى، بۇنىڭدىن ئۆزگە كىشىلەر سىزگە دوست بولۇشقا يارىمايدۇ، بۇنى ھېچقاچان يادىڭىزدىن چىقارمىغايسىز. دوستلۇق بۇرچىنى بەجا كەلتۈرۈش دوستلۇق ئۇلىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشىغا ئاساس بولىدۇ. دوستىڭىزنىڭ دوستىنىمۇ قەدىرلەپ، دۈشمىنىگە قول بەرمەڭ، بۇمۇ يەنىلا دوستىڭىزغا بولغان ساداقەتىڭىز بولۇپ قالىدۇ. دوستتىن كۆرگەن بىرەر پايدىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق، ئۇنى يادىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك. دوستتىن بىرەر خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا سەمىمىي تۈزىتىش پىكرى بېرىش، كۆڭلىگە ئالماسلىق، ئەپۇ قىلىۋېتىش، ئۆزرە سورىسا دەرھال قوبۇل قىلىش، ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا دوستىڭىزنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ، ئاسانلىقچە كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. دوستىڭىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ياخشى بىلىۋېلىپ، شۇ بويىچە دوستلۇق قىلىشىڭىز بولىدۇ. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ دۇنيادا قۇسۇرسىز ئادەم بولمىغىنىدەك، قۇسۇرسىز دوستمۇ بولمايدۇ. بۇ قۇسۇر دەل دوستلارنىڭ سەمىمىي ياردىمى ئارقىلىقلا ئۆز يولىدا تۈزىتىلىپ كېتىدۇ، مانا بۇمۇ دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك. بىر كۈنى بىر تونۇشۇم ئۆزىنىڭ ئون يىللىق بىر دوستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: ئۇزۇن يىللىق دوستۇم ئىدى، بىر نان تاپساق تەڭ يېيىشىپ، بىر يوتقاندا يېتىپ ـ قوپۇپ دېگۈدەك ياخشى ئۆتكەنىدۇق. ئۇ قايغۇرسا مەنمۇ قايغۇراتتىم، ئۇ خۇشال بولسا مەنمۇ خۇشال بولاتتىم، ھەرقانداق ئىشقا تەڭ كۆڭۈل بېرەتتۇق، تەڭ قىلاتتۇق، شۇڭا ھەر مۇشكۇل ئىشلارمۇ بىزگە ئاسان تۇيۇلاتتى، بىز قىلالمايدىغان ئىش يوقتەك بىلىنەتتى. بىز بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم مۇشۇنداق

84

نامراتلىقتا ئۆتۈۋېرىمىزمۇ دەپ، بىر ـ بىرىمىزنى يۆلەپ تىجارەت قىلدۇق، پايدا بولسا تەڭ كۆردۇق، زىيان تارتساقمۇ تەڭ كۆردۇق، ھەممە ئىشىمىز راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى. دوستلۇقىمىز بەك چىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ـ بىرىمىزگە ساداقەتمەن بولغاچقا، ئىشىمىزدىن چاتاق چىقمايتتى. باي بولدۇق، مال يۆتكەپ سېتىۋەرسەك بولمايتتى، شۇڭا بىرلىكتە مەبلەغ توپلاپ بىر شىركەت قۇردۇق، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زاۋۇت قۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش ئىشىمىز باشلىنىپ كەتتى، زاۋۇت قۇرۇلدى، مەھسۇلاتمۇ ئىشلەپچىقىرىلدى، ئەمما مېنىڭ كونا دوستۇمنىڭ بۇ چاغدا نىيىتى بۇزۇلغىلى تۇردى. قەستەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ بىر بالىسىنى يېتىم قىلدى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتتى. مەن بىرنەچچە قېتىم نەسىھەت قىلسام ئۇ ئۇنىمىدى. كېيىن «دوست يىغلىتىپ ئېيتار» دېگەندەك قاتتىق گەپ قىلدىم. شۇ چاغدا ئۇ: «نېمەڭگە چوڭ سۆزلەيسەن؟ ئەينى چاغدا مەن بولمىغان بولسام سەن قىلنىمۇ ئورنىدىن تەۋرىتەلمىگەن بولاتتىڭ!» دەپ گۇركىرىدى. ئۇ قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلدى، شۇ چاغدىلا بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە مال ـ مۈلۈكنى بۆلۈشۈپ دەرھال باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلدىم، شىركەتنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردىم. ئۇ ھەشەمەتچىلىك قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋەيران بولۇپ كەتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا يەنىلا قىيالمايۋاتىمەن، ئۇنىڭغا ياردەم قولۇمنى سۇنايمىكىن دەيمەن. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئارىمىز ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن، ياردەم قىلساممۇ بەربىر قوبۇل قىلمايدۇ ھەم قاتتىق ھار ئالىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ دەپ مەندىن سورىدى. مەنمۇ بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدىم. بۇ دوستلار مال ـ مۈلۈك بۆلۈشۈپ ئارازلاشمىغان بولسا چوقۇم بىرەر يول كۆرسەتكەن بولار ئىدىم، مەن ئامالسىز بېشىمنى چايقىدىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى دەل دانالارنىڭ: «دوستلار ئۈچۈن سېخىيلىق يولىنى تۇت، نېمە بولسا ئۇلارغا چاچ.

ئەگەر دوست ئۈچۈن جېنىڭ لازىم بولسا، ئۇنىڭغا جېنىڭنى تەقدىم قىل. ئۇلار بىلەن كۆڭلۈڭنى خۇشال قىل، كېيىنكى خاپىلىقنىمۇ ئۇنتۇما. قارا، ئېگىز ئاسمان ھەر يېڭى چىققان ئايدىن ئاداۋەت تىلىغى يېمىدىمۇ؟!» دەپ ئېيتقىنىدەك بولغانىدى. دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئەڭ ئەتىۋارلاشقا تېگىشلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما، مۇشۇ ئون ـ يىگىرمە يىل مابەينىدە بۇ ئېسىل ئەخلاق ئۆز يولىدا جارى قىلدۇرۇلمىدى، شۇنداقلا تۇرمۇش ئادەتلىرىگە زامانىۋى تۇسنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تېمىغىمۇ دەز كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزلار ئارىسىدا دوستلۇق شەكىل بولسىمۇ ئۇنىڭغا زور مىقداردا شەخسىي مەنپەئەت ئارىلىشىپ كەتكەچكە، مەنپەئەت ئالدىدا تۈكنى تەتۈر ئۆرۈيدىغان ئەھۋاللار كۆپ يۈز بەرگەچكە، جەمئىيەتتە «قىزلارنىڭ دوستى يوق» دەيدىغان گەپ خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. بۇنىڭغا مانا مۇشۇنداق ساداقەتسىز ۋە غەرەزلىك، مەنپەئەت ئالدىدا دوستلۇقتىن كېچىدىغان «دەرىجىگە توشمايدىغان دوستلۇق» ئارىلىشىپ قالغاچقا، غەرەزسىز، دوستى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان ساداقەتمەن دوستلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، مانا مۇشۇنداق گەپنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. راستتىنلا زامانىمىزدا قىزلارنىڭ دوستى يوقمۇ؟ كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! زامانىمىز قىزلىرىدىكى دوستلۇق پاك ئوبرازى دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك ئەقىدىسى يۈرىكىگە سىڭمىگەن، مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بەزى قىزلارنىڭ قولى بىلەن سەل ـ پەل خىرەلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىرەلىك دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىككە ھېرىسمەن، قەلبى چىن دوستلۇق ئەقىدىلىرى ۋە رىشتىسى بىلەن باغلانغان گۈزەل ئەخلاقلىق، لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك قىزلىرىمىزنىڭ قولىدا يەنىلا ئۆز ئورنىنى تېپىپ ۋايىغا يېتىش سەپىرىنى باشلىدى. دوستلۇق گۈللىرى ھەر تەرەپتە پورەك

ئىچىپ، دوستلۇق ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىپ كەلمەكتە. بۇ دۇنيادا ھاياتلىقنى جۇشقۇنلۇققا تول- دۇرغۇچى چىن دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك ياشىسۇن. چىن دوست- لۇق ۋە ساداقەتمەنلىككە تولغان يۈرەكلەر ياشىسۇن. دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك شارابىدىن مەست بولغان، ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۇ- رۇۋاتقان روھىي ساغلام كىشىلەر ئۆلمىسۇن!

## قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ پاكلىقى نەدە

قىز - ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىنىشىنى جازىبدار، گۈزەل بولۇشنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراشنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ھەتتا ئاش- نىدارچىلىق، نىكاھ بۇزۇقچىلىقلىرىنى ھېيىقماي قىلىشقا ئادەت- لىنىشى، بەزى قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئېزىقىپ، ۋۇجۇدىدىن شەھۋەت ئۇچقۇنىدىن باشقىسى تېپىلمايدىغان سامان قورساق «كاتى- تا» لار، يانچۇقى مىليونلىغان پۇلغا توشسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن مەينەتچىلىك، مەرەزلىك پۇراپ تۇرىدىغان ئاز ساندىكى بايلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشلىرى ئادەمنى ئاياللاردا سۇسلىشىۋاتقان پاكلىق ئېڭى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلى- دۇ. ئادەم دۇنياغا كۆز ئاچقاندا زەررىچە چاغلىق چىركىنلىك، مە- رەزلىكتىن خالىي، تولىمۇ بىغۇبارلىق ئىچىدە تۇغۇلىدۇ. ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتە ياشاش، تىرىكچىلىك يولىنى تاللاش جەريا- نىدا خىلمۇخىل ئىدىيەلەرنىڭ، ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر بولسا ديانەتلىك، ئېتىقادلىق، شەرم - ھايالىق ئا- دەم بولۇپ، پاكلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تاپىدۇ. بىر بولسا ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، سۇخەنچىلىك، پاھىشىۋازلىق، چېقىمچىلىق قىلىپ دۇنيادىكى ئەڭ مەرەز، ئەڭ ئىپلاس ئىشلار بىلەن ئۆزىنى بۇلغاپ، ئەل - جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ؛ جا- مائەت لەنەت ئوقۇيدىغان، ئارىغا ئېلىشنى چەكلەيدىغان، ۋابا كې-

سىلى يۇقۇپ قالىدىغانلىقى شۇ كىشىدىن ئۆزىنى تارتىدىغان يىر-گىنىشلىك ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان، گۈزەل ياكى رەزىل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قى-لىشتا، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە پاكلىق روھىنىڭ سىڭگەن - سىڭمىگەنلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئالىيجاناب ئادەمنىڭ يېتىلىشىدىن ئېيتقاندا، پاكلىق — ئادەمنىڭ جېنى، ئىنسان بى-لەن ھايۋاننى پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان تەپەككۇر ساغلاملىقى ئەڭ-گۈشتەرى، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ نىجاتلىق يولىدۇر. ئۆملۈك، ۋاپادارلىقتىن ئالغاندا، پاكلىق ھەققانىيەتنىڭ پەرۋىشكا-رى، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چىنلىقى، سۆيۈملۈككە ئىگە بولۇشى-دىكى «مىكروب» تازىلىغۇچى دورىدۇر. پاكلىقنى يوقاتقان ئادەمنى مۇكەممەللىك سىماسىدا تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ تەس. چۈنكى بىر ئادەم ئەڭ ئاۋۋال پاكلىقى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا بەخت تۇيغۇسىنى چاچىدىغان نۇرلۇق ئوبرازىنى تىكلىيەلەيدۇ. ئاياللار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى، ئىنسانلارنىڭ ھايات - ماماتلىق ئالىمىدىكى تولۇقلىنىش مەنبەسى، پەرزەنتلەرنىڭ نىجات-لىق يۇلتۇزى بولۇپ كەلمەكتە. ئاياللار شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسانكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىيەتكە، ھاياتقا بولغان مېھىر - مۇ-ھەببەت بالقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەرلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئەرلەرنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالمىغان، ئۇلارنىڭ ئەر-لەرگە يېقىنلىقى چىن سۆيگۈسى ئارقىلىق ئەرلەرگە ھاياتنىڭ ھە-قىقىي مەنىسىنى، كىشىلىك مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بولغان. ئاياللارنىڭ ئانىلىق ئۇلۇغلۇقى تۇغۇمچانلىقىدا ئەمەس، ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن بىر پار-چە گۆشنى ئادىمىيلىك ھېسسىياتقا، گۈزەل خۇلققا، ياخشى ھەرى-كەتلىك ئىنسانغا ئايلاندۇرالىغانلىقى، ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى، ئەر-لەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، پەرزەنتلەرنىڭ دىيانەتلىك بولۇشى ئا-ياللاردىن چاقنىغان ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق، مۇنەججىملىك، ئىل-

مىي ئىزدىنىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىدىن كېلىدۇ. پاكلىق ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى، ئاياللار نازاكىتىنىڭ، ئاياللىق قەدىر ـ قىممىتىنىڭ باھارى، ئاياللىق بۇرچىنىڭ قۇۋۋىتىدۇر. پاكلىق ئاياللارغا نۇرلۇق قەلب، بەخت ـ سائادەت، گۈزەل خۇلق، گۈزەل چىراي ئاتا قىلىدۇ. ناپاكلىق ئاياللارنى جەمئىيەتتە ۋە ئائىلىدە ئۆز ئورنىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزى بىلەن ئائىلىسى ۋە جەمئىيەتتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھاڭ، ھالاكەتلىك قىسمەت پەيدا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەزەلدىنلا پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، پاكلىقنى مۇقەددەس بىلىپ، پاكلىقنى باھاسىغا يەتكىلى بولمايدىغان ئەڭگۈشتەر كەبى قوغداپ كەلگەن (بۇنىڭغا نۇزۇگۇم ئوبدان مىسال بولالايدۇ). ئاز ساندىكى قىز ـ ئاياللىرىمىزدا پۇل ئۈچۈن غورۇرىنى، ئار ـ نومۇسىنى قايرىپ قويۇش، نىكاھسىز تۇرمۇش كەچۈرۈش، 3 ـ شەخس بولۇپ باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە ھېيىقماي بۆسۈپ كىرىش، دادىسى دېمەتلىك ئادەملەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش، نەپ چىقىدىغان ئىش بولسا ئەرلەرنىڭ كەينىدىن لالما ئىتتەك يۈگۈرۈش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سانى تولىمۇ ئاز بولغان قىز ـ ئاياللىرىمىز ئويۇنىۋالغانغا، جاپا تارتماي كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانغا خوش بولسا، شۇنداق پەسكەش ئەرلىرىمىز شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ «پەيزى» قىلىۋالغانغا، خىلمۇخىل «مېۋىلەر»گە ئېغىز تەگكۈزۈپ كارامەت يا-شاشنىڭ يولىنى تېپىۋالغانغا خۇش. بۇنداق ئەرلەرنىڭ بىر تۇغما خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۆزى پاھىشىۋاز بولسىمۇ، بۇزۇق قىز ـ ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. قىز ـ ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولۇپ، قىز ـ ئاياللار ھامىلدار بولغاندا شەپقەتسىزلىك بىلەن تاشلىۋېتىدۇ، ئۇلار بىلەن ئائىلە قۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. مانا بۇ پاكلىقنى يوقاتقان سەتەڭلەرگە بۇنداق ئەرلىرىمىزنىڭ قىلىدىغان سوۋغىسى. شۇڭا، قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى پاكلىقتۇر! ئا-

ياللاردىكى پاكلىق روھىي پاكلىق ۋە تەن پاكلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ پاكلىقنىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. روھىي پاكلىق تەن پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى قانۇن، قوتراپ تۇرغان ھاۋايى ھەۋەسلەرگە جەڭ ئېلان قىلغۇچى قوماندان. روھىي پاكلىق ئاياللارنىڭ بەختكە ئېرىشىشىدىكى تىنچلىق ماكانى. روھ ھەر-كەتكە قوماندانلىق قىلىدۇ. روھقا مۇجەسسەملەنگەن خۇرۇچلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسا، ھەرىكەتنىڭمۇ سۈپىتى كىشىنى قايىل ۋە مايىل قىلغۇدەك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. روھقا نىجاسەت يۇقـ-دىكەن، ھەرىكەتتە بۇلغىنىش بولىدۇ، تەن ئۆزىنىڭ كونتروللۇقى-نى يوقىتىپ، ھاياسىزلىشىشقا، ھايۋانلىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ ـ دە، رەزىللىك كاتېگورىيەسىگە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا سىڭىپ كىرىپ قالىدۇ. ئاياللاردىكى پاكلىق ئەڭگۈشتەرىگە دەز كېتىشىدى-كى سەۋەب روھىي پاكلىق بىلەن تەن پاكلىقىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە بولماي، ئۆز رولىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇر. كىشىلەر تەن پاك-لىقىغا تولىمۇ نازۇكلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىر ئايال مەلۇم بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ ئېرىگە كۆڭۈل بەرمىسە، لېكىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەر بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلمىسا، ھېچ كىـ-شى ئۇ ئايالنى ناپاك دېمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تېنىدە غەيرىي چە-ۋىنلەرنىڭ مەرەزلىرى يوق. ئەمما ئۇ ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن نىكاھلىنىشنى ئىزدەيدۇ، بۇ روھىي ۋاپاسىزلىق بولۇپ، بۇنداق ۋاپاسىزلىق تەن ۋاپاسىزلىقىغا ئوخشاشلا ئەرلەرگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. روھىدا باشقا ئەرگە مايىل بولغان ئايال تۇرمۇشتىكى ئەگرى ـ توقايلىقلار ئىچىدە تەن ۋاپاسىزلىقىنى سادىر قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. كۆڭلى يوق كىشى تەرىپىدىن ئازار يەپ قالسا، ھەممىدىن ۋاز كېچىشى تۇرغانلا گەپ. روھىي پاكلىق يالغۇز ئەر ـ ئاياللارنىڭ ۋاپادارلىقىدا مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بالا تەربىيە-سىدىمۇ ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. روھى ساغلام بولمىغان ئانا پسخىكا جەھەتتىنمۇ ياخشى يېتىلمەيدۇ. بالىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە،

ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئائىلىق قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلـ ـ
مەيدۇ. تۇرلۇك چەكلىمىلەر ئىچىدە بالىسىنىڭ تەپەككۇرىنى، پۇت ـ
قولىنى بوغۇپ قويىدۇ. روھىي پاكلىق ئار ـ نومۇسنى، شەرم ـ
ھايانى، مەسئۇلىيەت بۇرچ تۇيغۇسىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،
روھىي ئېلېمېنتلار گۈزەللىك خاراكتېرىنى نامايان قىلالىسا پاك ـ
لىققا ئىگە بولىدۇ. ياخشىلىق خاراكتېرى سۇسلاشسا ياكى رەزىلـ ـ
لىك تەرىپى كۈچەيسە، روھىي پاكلىققا قارشى مۇقام توۋلايدۇ. ئا ـ
ياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئوبرازىنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە بو ـ
لۇۋاتقانلىقى ھەم ئىش ـ ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى
ئۇلارنىڭ روھى ئۇنتۇلۇپ قالسا بولمايدۇ. روھىي پاكلىقى كۈچلۈك
ئايال ھەرىكىتىنى دۇرۇسلۇققا ئىگە قىلالايدۇ. ھەرىكەت دۇرۇس
بولىدىكەن، تەن مەينەتلىكىدىن خالىي بولىدۇ. تەن پاكلىقىنى ئۇ ـ
لۇغ بىلىشمۇ روھىي پاكلىقنىڭ مۇھىم بىر ئاملى، بىراق تەنگە
قاراپ ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئۆزى بىر تەرەپلىمىلىك. روھىي پاك ـ
لىق جۇلالانسا، تەن ھەر ۋاقىت خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە قالمايدۇ؛
تەن پاكلىقى روھىي پاكلىقنى كۈچەيتىدۇ، نۇرلاندۇرىدۇ. ئاياللار
ئايال، ئانا بولۇش بىلەن تەن ۋە روھنى بىرلىككە ئىگە قىلىپ
ياشىشى زۆرۈر. بۇ بىرلىك ئەر ـ ئاياللىق مېھرىنى كۈچەيتىپ،
ئائىلىنىڭ بەرىكىتىنى ئاشۇرىدۇ، بەخت ـ سائادەتنىڭ چىنلىقىنى
روياپقا چىقىرىدۇ. تەن ۋە روھى باشقا ـ باشقا ئايال خىيانەتچى،
بۇزغۇنچى، ئوۋچى كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسىگە مىكروسكوپ، تې ـ
لېسكوپ بىلەن ھەرقانچە قارىغاندىمۇ ئازابلىق دۇنيادىن باشقا نەر ـ
سە ئەمەس. ئاياللار ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن روھىي پاكلىقنىڭ
رولىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بالىغا نىسبەتەن روھىي
پاكلىقنىڭ يادروسى ـــ ئائىلىق مېھرىدۇر. گەپ بۇ يادرونىڭ بالـ ـ
غا ئىنسانىيلىق روھ ئاتا قىلالىشىدا، بۇ، سۆيۈملۈك پاكلىق شە ـ
جەرىسى ياڭرىغان ناخشىلاردىن پۇختا بېسىلغان قەدەملەردىن كې ـ

لىدۇ. ئاياللار سۆيۈملۈك، پاكلىق ئېڭىغا ئىگە ئاياللار ھەقىقىي سۆيۈملۈك ئاياللاردۇر!

## قىزلار ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇپمۇ دۇنياغا يۈزلەنگىلى بولىدۇ

ھازىر نۇرغۇن ياشلىرىمىز ناھايىتى ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى دەۋردىن قالغان، كونا، ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىلەر دەپ قارىغاچقا، كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇش، تۇرمۇش ئۇسۇلى، پىسىخىكا، قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن تۈپتىن ئۆزگىرىش قىلىش، غەربلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتە چاكىنىلىشىش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىقمۇ دۇنياغا يۈزلەنگىلى، دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگىلى، زامانىۋىلاشقىلى، ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە نۇرغۇن مىساللار ئالدىمىزدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. ياپونىيە بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مىللىي ئەنئەنىسى ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەت. سىز ياپونىيەگە بېرىپ قالسىڭىز، ياپون ئاياللىرىنىڭ كەينىگە ياستۇق تېڭىلغان ئازادە تونىنى كىيىپ، چېچىنى تۈرۈپ، شىپىرلاپ ماڭغىنىچە تىنماي ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى، قەدەمدە بىر مۇلايىملىق بىلەن تەزىم قىلىپ، ئېرىغا ھۆرمەت، بالىلىرىغا ھىممەت كۆرسىتىپ، بالىلىرىنى ئەتراپلىق تەربىيەلەۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز، بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئۆلارنىڭ كىنولىرىدىمۇ كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەرلىرىنىڭ بولسا بېلىدىن پوتا باغلىنىدىغان كەڭ تون، پۇتىغا ياغاچ ئاياغ كىيىپ تەمكىن قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، يانغا ئېچىلىدىغان يەڭگىل ئىشىكتىن كىرىپ، سېلىنچا ئۈستىگە قويۇلغان كىچىك شىرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ياكى

باداشقان قۇرۇپ ئۆلتۈرغانلىقىنى، گەپ ـ سۆزدە، مۇئامىلىدە ياپون مىللىتىگە خاس جەڭگىۋارلىق، جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرغانلىقىنى، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ خاس يۈرىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ... شۇنداق بولغاچقا، ياپونلارنى پۈتۈن دۇنيادىكىلەر بىلىدۇ، بىر قاراشتىلا بۇلار ياپونكەن دەپ قالىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنىدە چىڭ تۇرغاندا ئارقىدا قالىدىغان ئىش بولسا مانا مۇشۇ قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى يارىتىۋاتقان ياپونلار ئارقىدا قالغان بولسا بولاتتى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ياپونىيە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتتۇر. ياپونىيەنىڭ يېنىك سانائەت ۋە ماشىنىسازلىق، كېمىسازلىقتا ئوخشاش ئېغىر سانائىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئۇلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىۋاتقان بۇ مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق. مانا مۇشۇ نەتىجىلەرنى ياپونلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۆز جايىدا جارى قىلدۇرغانلىقىدىن، مىللىي روھىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزلىرىنى ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇۋېرىپمۇ ئارقىدا قالغان بولسا، دۇنياغا يۈزلىنەلمىگەن بولسا، ياپونلار شۇنداق بولاتتى. ئەمما، ئۇلار ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇپمۇ دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگىلى بولىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتتى. قايسىبىر ئالىم: «قايسى نەرسىنىڭ خاسلىقى كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ دۇنياۋىيلىقىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن. يەنە ھىندىستان، كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كىنولىرى مەملىكىتىمىزدە كەڭ كۆلەمدە قويۇلۇپ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە دېگەندە، ئۇلارنىڭ كىنولىرىدا مىللىي خاسلىقىنىڭ، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ، قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنلىكىدە. ئەگەر بۇلاردا ئامېرىكىنىڭكىگە ئوخشاش ئىلمىي فانتازىيەلىك فىلىملەر ياكى كۆپ مەبلەغ سېلىنغان قورقۇنچلۇق فىلىملەر بولغىنىدا بۇنچىلىك قارشى ئې-

لىنىشقا ئېرىشەلمىگەن، بۇنداق فىلىملەرنى كۆرگۈسى كەلگەن كىشىلەر قانداقتۇر كورپيە، ھىندىستانلارنىڭكىنى ئەمەس، ئەلۋەتتە ئامېرىكىنىڭكىنى كۆرگەن بولاتتى. شۇڭا، قىزلىرىمىزمۇ ساپ ئۇيغۇرنىڭ پىسخىكىسى، روھى بىلەن ياشاپ، ئۇيغۇرنىڭ يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ ياشىسا، ئۆزىمىزگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زامانغا ماسلاشتۇرسا، بۇنىڭ قەيەرى بولمايدىكەن؟ ياۋروپاچە ياسىنىپ، ئۆرپ - ئادەتكە دىققەت قىلماي، ياۋروپاچە روھىيەتكە ئەسىرا بولۇپ ياشىسىمۇ ئۇلار بەربىر ياۋروپالىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى، ئەسلى بەربىر ئۇيغۇر، ئۇيغۇر چوقۇم ئۇيغۇرغا خاس روھىيەت بىلەنلا ئۇيغۇر بولالايدۇ. بۇ نۇقتىنى قىزلىرىمىز ئېنىق چۈشىنىشى، بىردەملىك ئالدىراڭغۇلۇقتا بېرىلىپ كەتمەسلىكى، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە تەۋرەنمەس روھ بىلەن مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، خاسلىق ئارقىلىق ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىپ، ھەرگىزمۇ «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» بولۇپ قالماي، خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغاندەك: «بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» بولۇشى، تاشقى زىننەتلىرىنىڭ ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئەمەس، ئىچىنىڭ بىلىمگە توشقانلىقىدىن، قەلب گۈزەللىكىدىن، ئۆزىگە ئىشىنىش روھىدىن، غەيرەت - شىجائىتىدىن، جاسارىتىدىن، قانداق ئىشلارنى قىلالىغانلىقىدىن، قانداق نىشانغا يەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىشى كېرەككى، چاكىنا ئوي - خىيال، چاكىنا مەدەنىيەت، چاكىنا قىلىق بىلەن «مەدەنىيەتلىك» بولغانلىقىدىن پەخىرلەنمەسلىكى، ئەكسىچە بىزار بولۇشى، بىزارلىق ئىچىدە ئويلىنىشى، ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلىشى كېرەك.

ئەنە، قويۇق ئۆرپ - ئادەت بىز نېمىنى تەلەپ قىلساق شۇنى بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن نېمىنى ئىزدىسەك شۇنى تاپقىلى بولىدۇ. زامانغا يۈزلەنگىلى، دۇنيا ئەھلىگە ئۆزىمىزنىڭ قەدىمدە شانلىق مەدەنىيەت

ئەنئەنىسى كۈچلۈك ھەم قويۇق بولغان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويغىلى، تەرەققىي قىلغىلى، قۇدرەت تاپقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغىلى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. مانا بۇ پىكرىمگە سۆيۈملۈك قىزلىرىمىز نېمە دەيدىكىن؟ مەن بىر تۇغقىنىمنىڭ بىر دوستىنى تونۇيتتىم، بۇ قىز ئىلگىرى مەلۇم بىر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەنىكەن، كېيىن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىنگلىز تىلىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلەشتىكى قىزغىنلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن تېزلا ئىلگىرىلەپ كەتتى، خەنزۇچە ياكى ئىنگلىزچە سۆزلەشتە بولسۇن ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بولدى. مۇشۇنداق سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىن كەتكۈسى كەلمەي، بىرمۇنچە يار ــ يۆلەكلىرى ئارقىلىق مەلۇم بىر مەكتەپتە خىزمەت قىلىپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا چەت ئەللىكلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ تىل سەۋىيەسىنى خېلىلا ئۆستۈرۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچىسىدىن ئۇيغۇرغا خاس كىيىملەر سىيلىنىپ كەتتى، پۈتۈنلەي غەربچىلىشىپ كەتتى، كاۋبوي ئىشتان ــ چاپان، مۇرىسىدە دائىم ئېسىلىپ تۇرىدىغان بىر سومكا قاچان قارىسىڭىز تۇراتتى. تېخى بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي كاۋبوي ئىشتىنىنىڭ تىزلىرىنى يىرتىۋالاتتى، قانداقتۇر كىيۋالغان جىلىتكىلىرىنىڭ مۈرلىرى يىرتىق تۇراتتى، قىزلارغا خاس كاستۇم ــ يوپكا كىيمەيتتى، قاتتىق ئىسسىق بولغان كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى بىخستىپ شۇنداق كىيىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ باشقىلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭدىن نېمىشقا زورلاپ تۇرۇپ مۇشۇنداق كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ھازىرقى «زامانىۋىلىقنى چۈشەنمەيدىغان قىزلار» بىلەن ئوخشاش كىيىنىشنى خالىمايدىكەن، ناۋادا شۇنداق كىيىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ «ئىنگ-

لىنى تىلىنى بىلىدىغان زامانىۋى ئاڭغا ئىگە زىيالىي» ئىكەنلىكى گەۋدىلەنمەي قالىدىكەن، زامانىۋى ئادەم بولالمايدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ قىزنىڭ چۈشەنچىسىدىكى زامانىۋىلىق تولىمۇ ئاددىي بىر چۈشەنچە ھالىتىدە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ماھىيەتكە يېتەلمەيتتى، زامانىۋىلىشىشنىڭ ماھىيىتى نېمە، دېگەن سوئالغىمۇ ئۇ ئوچۇقلاپ جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئاتچىكىم ئىنگلىز تىلىنى بىلىش ۋە كىيىم - كېچەكنى غەربچىلەشتۈرۈش ئۇنىڭ نەزىرىدىكى «زامانىۋىلىشىش» ئىدى. ئەگەر شۇنداق تېزلا زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىگە يېتىدىغان ئىش بولسا، زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان ياپونلار ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئىككىنچى دۆلەت تىلى قىلغان ھىندىستان ۋە پاكىستانلىقلار ئەنئەنىۋى ئازادە كىيىملىرىنى تاشلاپ، مۇشۇ قىزغا ئوخشاش كىيىنگەن، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كەسكىنلىك بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان بولاتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياپون ۋە ھىندى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىلى قاتارىدا كۆرۈپ سۆدەك بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقىنىڭ بەلگىسى بولمىش مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى رەھىمسىزلىك ۋە كەمسىتىش نەزىرى بىلەن تاشلىۋەتمىگەن. ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغان. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ھېلىقى «ئىنگلىز» قىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزدىن ۋاز كېچىشى، ئۇنى چۆرۈپ تاشلىشى نېمە دېگەن كۆلكىلىك - ھە!

## ئەي قىز، قىممىتىڭىزنى جەمئىيەتتىن تېپىڭ

ئەي قىز! مەيلى سىز يۇقىرى ئورۇنلاردا مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلەڭ ياكى ئوقۇتقۇچى ۋە دوختۇر بولۇڭ، ياكى ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇڭ، ياكى ئىشچى ۋە دېھقان بولۇڭ،

هالال، پاك، تـوغرا نيـيەتلىك، گـۈزەل ئەخلاقلىق بولالىسىڭىزلا سىزنىڭ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك قىممىتىڭىز بولغان بولىدۇ. ئەمما، سىزدە يۇقىرىقىدەك گۈزەل خاراكتېرلاردىن بىرەرىمۇ يوق بولسا، ئەتىدىن كەچكىچە ئەمەل تەمەسى، ياخشى كۆن كەچۈرۈش تەمەسىدە بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ نومۇسىنى دەسمايە قىلىپ ئۆس-سىڭىز، پۇلغا، راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشسىڭىز، باشقىلارنىڭ سىزنى قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ ھەرقانچە خۇشامەت قىلىشىدىن قەت-ئىينەزەر، سىزنىڭ ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن جەمئىيەتتە ھېچ-قانداق قىممىتىڭىز قالمىغان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان بۇ قىممەت گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە يېپىنچا قىلغان، پاك قەلبلىك، ھايا، نومۇس، ئىپپەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئىنسانىي قىممەت-تۇر، قىزلارغا خاس مەڭگۈ يوقالماس مەنىۋى ئەڭگۈشتەردۇر. بۇ قىزلىق ئىززەت - نومۇسنى بۇلغاپ دەرىجە ئۆستۈرۈپ ياكى پۇل، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارغا يامانلىق، پەسكەشلىك قىلىش ئارقىلىق كەلگەن ساختا قىممەت بولماستىن، ھالال ياشاش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن، مىننەتسىز تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق قازىنىلغان ئالىي قىممەتتۇر. سىزنىڭ قىممىتىڭىز جەمئىيەتتە قانداق ئادەم بولۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىڭىزنى ھەقىـ-قىي مەنىدىكى ئادەم بولۇشقا يېتەكلەش ۋە ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي ئا-دەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشتۇر. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بەزى قىزلار باركى، ئۇلارنىڭ كۆنىۋىي قىلىدىغىنى قۇۋلۇق بىلەن شۇملۇق، ئويلايدىغىنى باشقىلارنىڭ ئېشىغا توپا چېچىش، شۇغۇللىنىدىغىنى سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ باشقىلارغا زىيان سېلىش، ئەـ-مەل - مەنسەپ تەمەسىدە، پۇل، راھەت تۇرمۇش ئۈچۈن ئىپپەت - نومۇسىنى ئاياغ ئاستى قىلدۇرۇش، تەمەگەرلىك كوچىلىرىدا سەر-سان بولۇپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتى يولىدا ھارماي قاتىراش،

97

ھەسەتخورلۇقنىڭ غىدىقلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي باشقىلارغا يا-مانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھۇ - زارىدىن خۇشاللىق ئىزدەش. ئۇلار دوست - يارەنلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاسىتە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلاردا دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن سۆز ئېچىش-ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ناھايىتى كۆپ قىزلار ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە، پۇل، ياخشى تۇرمۇش كە-چۇرۇشنىڭ تەمەسىدە يۇرۇدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار قىزلاردىكى قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنى پۇل - مالنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئەمەلنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەمەل - مەنسەپنى ۋىجدانىغا، غۇرۇرىغا، ئار - نومۇسىغا، ئىززەت - نەپسى-نىڭ دەپسەندە بولۇشى بەدىلىگە سېتىۋالىدىغان ھالەتكە يەتتى. ئە-مەل - مەنسەپ، پۇل - مال، ياخشى تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ياشاش مەق-سىتى ۋە نىشانى، ئۇلار مۇشۇنى جەمئىيەتتىكى قىممىتىمىز دەپ قارايدۇ. ھاياتتا سىزدە ساغلام قىممەت قارىشى شەكىللەنگەندىلا، ئۆزىڭىزنى ساغلام ئىدىيە، پاك نىيەت، توغرا دۇنيا قاراش يۇزلى-نىشى بىلەن يېتەكلىيەلەيسىز، ئاق نانچى، ھارام تاماق، قارا نى-يەت، ئىززەت - نومۇسنى ساقلىمايدىغان، قىزلىق قىممىتىنى يوقاتقان بولۇشتىن ساقلىنالايسىز. ئۆتمۈشتە ئۆتكەن شۇنچە كۆپ ئاياللار نېمىشقا بۈگۈنگىچە مەشھۇر بولالىدى؟ ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تا ھازىرغىچە بىز يادلاپ تۇرىمىز؟ چۈنكى، ئۇلار ئىنسانىي قەدىر - قىممەت توغرىسىدا ساغلام تەربىيەنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ قەلبىگە گۈزەل ۋە پاك نەقىش چېكىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ-مۇر بويى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تەر تۆككەن ۋە ھالال، پاك ياشاپ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى جەم-ئىيەتتىن، خەلقتىن تاپقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نامىنى بىز دائىم يادلاپ يۇرىمىز، ئېسىل خىسلەتلىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ تۇرىمىز. ھالبۇكى، تارىختا باشقىلارغا ئورا كولايدىغان، قارا نىيەت، ئاقنا-

چى، نومۇسىنى هاقارەتلەشتىن كەلگەن راهەت تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ قىممىتى هېسابلايدىغان نۇرغۇن ئاياللار ئۆتكەن، بىز ئۇلاردىن هېچقاچان ئۇلگە ئالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىن تارىختا يامان ئاتاقلا قالغانكى، بۇ خۇددى يىرتىق كالاچقا قارىمىغىنىمىزدەك، نەزىرىمىزنى تارتالمايدۇ. چۈنكى، دانالار: «قارىغۇ بول، توكۇر بول، ياخشى نام قالدۇر. ياخشى نام قازىنىش چوڭ بايلىققا ئېرىشىشتىن-مۇ ئەۋزەل» دەپ هېكمەت قالدۇرغان ئەمەسمۇ. ئىنسانىي قەدىر - قىممەت چۈشەنچىسى قىزلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا تولۇق شەكىللەنگەن-دىلا، ئاندىن قىزلىق قەدىر - قىممەت قارىشى شەكىللىنىدۇ ۋە جەمئىيەتتە هازىر ئېقىپ يۈرگەن ساختا قەدىر - قىممەت چۈشەن-چىلىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرغىلى، ئۇنى كاللىدىن سىقىپ چى-قىرىۋەتكىلى بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق جەمئى-يەتتە قىزلىق قىممىتىڭىزنى يارىتالىسىڭىز، سىز ھەقىقىي مەنى-دىكى قەدىرلىك قىزغا ئايلانغان بولىسىز. بىر كۈنى بىر تونۇشۇم
99
ماڭا ئۆزى بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر قىزنىڭ يېقىندا ئامېرىكىدا ئوقۇپ شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ ئامېرىكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، تولىمۇ تەلەيلىك-لىكىنى، ئۇنىڭ قىزلىق قىممىتىنىڭ تولىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكى-نى شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ-دىن: «شۇ قىزنىڭ ئامېرىكىدا زادى قانچىلىك قىممىتى باردۇ؟» دەپ قايتىلاپ سورىدىم. «ئاداش، ئامېرىكا دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت تۇرسا، ئۇ يەرگە چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ سېنىڭچە هېچقانداق قىممىتى بولماسمۇ، هېچ-بولمىغاندا بىزدىن بىر يېرى ئارتۇق بولىدۇ ئۇلارنىڭ، ئۇ دېگەن ئامېرىكا ئاداش، ئامېرىكا!» دەپ كۆپۈپ سۆزلەپ كەتتى. «ئامېرىكا بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە قىممەت يارىتالىساڭ، شۇ يەردە ئۆزۈڭنىڭ بىر كىشىلىك ئىناۋىتىنى تىكلىيەلىسەڭ ئاد-

دىن قىممىتىڭنى ساقلىغان، قىممىتىڭنى ياراتقان بولىسەن، بول-مىسا ئۇ يەردە ياشىغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟» دېدىم مەن، يەنە: «مېنىڭچە ئۇنىڭ يەنىلا مۇشۇ يەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - يارەنلىرى تېلېفون، ئۇرۇپ، ئەھۋال سوراپ قەدرىنى قىد-لىدۇ، بولمىسا يات ئەلدە تۇرۇپ قىممەت ياراتماقنىڭ مۇشكۇللۇ-كىنى بىر دېمە» دېدىم. ئۇ تونۇشۇم سۆزلىرىمگە تولۇق قايىل بولمىدى، ئەمما مەنمۇ بۇنىڭغا بەكلا ئۆكۈنۈپ كەتمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ قىزلىق قىممەت قارىشى ئەنە شۇنداق يۈزە ئىكەن، كېيىن چۈشىنىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتىلا بولۇپ قالدىم. قىزلىق قىممە-تىڭىز قانداقتۇر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ياكى شارائىتى ياخشى يەرلەرگىلا بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن نەرسە ئەمەس، ئۇنى جەمئىيەت-تىن تاپىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يارىتىسىز، ئۆز ۋىجدانىڭىزغا يۈز كېلەلىگىنىڭىزدىلا ئاندىن بۇ قىزلىق قە-دىر - قىممەت گۆھىرى قولىڭىزدا بولغان بولىدۇ.



## قىزلار ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ئۆزى ئاشۇرۇشى كېرەك

بىر ئادەم ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يۈرۈش - تۇرۇش، تاشقى قىياپەت جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار بۇ جەھەتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى ئەۋزەل خاراكتېرى ۋە تاشقى قىياپىتى ئارقىلىقمۇ باشقىلاردا ياخشى تە-سىرات قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرى-شىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللارغا قۇلاق سېلىڭ:

1. ھەممە ئىش لايىقىدا بولۇشى كېرەك، يەنى ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە سەل سوغۇققان ھەم ئېھتىياتچان بولۇپ، ھەر خىل

سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك. چەكسىز قايغۇ ۋە چەكسىز خۇشاللىق مۇھىتلىرىدىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ھەر دائىم ئۆزىنى ئۆزى تەھلىل قىلىپ تۇرۇش، ئۆزىنىڭ كىشىلەردە قانداق تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى ئويلاش كېرەك.

2. بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ھەممىگە تەڭ ئېسىلىۋالىدىغان، مۇقىم مەيدانى يوق كىشىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. ھازىرقى كىشىلىك ھاياتنىڭ تاللىشىدا جانلىق، قەتئىي، زېرەك، ئىرادىلىك بولمىسا بولمايدۇ.

3. جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالماسلىق كېرەك. قىزلاردا چوقۇم ئۆزىگە نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچ، ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش ۋە ئېستېتىك قاراش بولۇش كېرەك. باشقىلارنىڭلا رايىغا بېقىپ، ئۇلار نېمىنى قىلسا شۇنى قىلىپ، ئۆز رايىنى باشقىلارنىڭ رايىغا دەسسەتمەسلىك كېرەك.

4. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان قابىلىيەت بولۇش، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر بەلگىلەش ھەم ھەل قىلغۇچ پەيتتە ھۆكۈم چىقىرالايدىغان قابىلىيەت بولۇش كېرەك.

5. ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، باشقىلارغا يۆلىنىۋالىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۆزىگە قەتئىي ئىشەنچ ئاتا قىلىش كېرەك.

6. قەيسەر ئىرادە بولۇشى كېرەك. بۇ قىزلاردىكى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ئۆزىنى قۇدرەت ـ تاپقۇزۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى.



### ئەي قىز، سىزنى سۆيىدىغان ئادەمنى قەدىرلەڭ

سىز يىگىت بولۇڭ ياكى قىز بولۇڭ، شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، ئۆزىڭىز سۆيىدىغان ياكى سىزنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى ئازابلىماڭ.

ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىنى كۆپ رەنجىتىپ كۆپ ئازابقا قويىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۇ-چۇنلۇقى نامەلۇم. بەلكىم، پىسخولوگىيە ئىلمىدىكى يۆلىنىشلىش ۋە تايىنىشلىش بولۇشى مۇمكىن ياكى ئازابنى يۆتكەش چارىسى بو-لۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى نېمە سەۋەب بولسۇن، ئازابتىن كېيىنكى ئۈمىدسىزلىك، يالغۇزلۇق بوشلۇقىنى ھېچكىمنىڭ تولدۇرالماس-لىقىنىڭ مۇمكىنلىكى پىسخولوگىيە ئىلمىدە خېلى بۇرۇنلا مۇئەي-يەنلەشتۇرۇلگەن.

مەيلى بۇ خىل ئازابلاش قانداق مەنىدە بولسۇن، سىزنىڭ سۆيۈ-گىنىڭىزگە كەلتۈرگەن ئازابىڭىز باشقىلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە كەلتۈرگەن ئازابىدىن ئېغىر بولىدۇ. دېمەك، قىزىقارلىقى شۇكى، قارشى تەرەپ سىز سەۋەبلىك ئازابتىن تولغانغاندا، سىز قاتتىق ئۆكۈنۈشتىن تولغىنىپ كېتىۋاتقان بولىسىز؛ سۆيگەن كىشىڭىز قانچە ئازابلانسا، سىزمۇ شۇنچە ئازابتا قالىسىز، بەزىدە سىزنىڭ ئازابىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بەزىدە داۋاملىق تۇردە ئازابلاش ئۆز سۆيگۈسىنى مۆلچەرلىيەلمەسلىكتىن ياكى مۇ-قىملاشتۇرالماسلىقتىن بولۇشى مۇمكىن. ئازابتىن كېيىنكى ئۆ-كۈنۈش بۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە، قار-شى تەرەپنىڭ سۆيگۈسىنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

ئازاب قوش بىسلىق پىچاقتۇر، ئۇنى تېزلىك بىلەن چىقىرىپ قارشى تەرەپكە سانجىغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭمۇ شۇ تەن، شۇ روھ-نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىڭ.

ئازابلانماي ئۆتەي دېسىڭىز قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىگە ئى-شىنىشنى بىلىڭ. ئۇنى ئازابلىمايمۇ كۆيۈنۈشكە، كۆڭۈل بۆلۈشكە تېخىمۇ كۆپ ھېسداشلىقىڭىزغا، سۆيۈشكە ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى بى-لىڭ، سىزنى بەختلىك قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ، ئۇنىڭغا كۆ-ڭۈل تۆرىڭىزدىن ئورۇن بېرىڭ، ئۇمۇ ھەم شۇنداق قىلىدۇ بەلكىم.

خۇشال ياشاي دېسىڭىز ئۆزىڭىز ئېرىشكەن ھەربىر خۇشاللىقنى قەدىرلەڭ.

## قىزلار يىگىتلەرنىڭ خەتەرلىك تەرىپىنى قانداق بايقىشى كېرەك

پسىخولوگىيە ئالىملىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قىز - يىگىتلەر مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە ئەگەر يىگىت قىزغا تۆۋەندىكىلەر ئىچىدىن بىر تۈرگە بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولسا، يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدە مەلۇم بىر خىل خەتەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىغان.

1. قىزلارنىڭ مۇلايىم، ئىتائەتچان بولۇشىنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىل يىگىتلەر ئادەتتە سەمىمىي بولۇپ، قىز دوستىنىڭ خاراكتېرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. مۇلايىم قىزلارنى كۆڭلىدىكى ئادىمى دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن خەۋپ قىز دوستىنىڭ باشقا يىگىتلەر بىلەن نورمال ئارىلىشىشىغىمۇ يول قويمايدۇ، قىز بۇنىڭغا كۆنمىسە رەنجىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرقى ھېسابتا يىگىت بىلەن ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

2. قىزلارنىڭ ئوچۇق مىجەزىنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىل يىگىتلەر ئادەتتە ئوچۇق كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ قىزدىن ئۆزىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشنى، ھەممە ئىشتا ئاق كۆڭۈل بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر يىگىت قىز دوستىنى سەمىمىي ئەمەس، دەپ تونۇسا شۇ ھامان ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئۇ چۈشەندۈرۈشنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ.

3. قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىل يىگىتلەردە يالغۇز ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى يۇقىرى

بولىدۇ، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلايدۇ. ناۋادا قىز ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ قويسا قاتتىق ئۆچ ئالىدۇ.

4. قىزلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈش.

بۇنداق يىگىتلەر مەسئۇلىيەتچان، ئىرادىلىك، پىلانلىق كېلىدۇ. دەسلەپ قىزلار بىلەن ئارىلاشقاندا قىزلارغا ياردەم قىلىدۇ. بىراق ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقاندا، ئەگەر ئەقىل جەھەتتە قىزلار ئۆزىگە يەتمىسە ئۇنىڭ قىزغا بولغان قىزغىنلىقى سوۋۇيدۇ. ھەتتا سەۋرچان بولماسلىقتەك كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلايدۇ ـ دە، ئايرىلىپ كېتىدۇ.

5. قىزلارنىڭ مودا تەرىپىنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىل يىگىتلەر مودىغا يېتىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يېڭى نەرسىلەرگە ئالاھىدە قىزىقىدۇ. قىز دوستىنىڭ كىيىم شەكلى، چاچ پاسونى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ ھەم بۇ جەھەتتە پىكىر بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق سىرتقى قىياپەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان يىگىتلەر ناھايىتى شۆھرەتپەرەس بولۇپ، ئەگەر بۇ جەھەتتە قىز ئۇنى رازى قىلالمىسا ئۇ شۇ ھامان قىزدىن ئاغرىنىدۇ.

6. قىزلارنىڭ قابىلىيىتىنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىل يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەسىپتە كۈچلۈك، تۇرمۇشتا ئاجىز بولىدۇ، ئۆزىگە ناھايىتى ئىشىنىدۇ. بىراق قىز دوستىغا يۇقىرى پوزىتسىيەدە قارىمايدۇ، ئۇ ئائىلە ئىشلىرى جەھەتتە قىزلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق بۇ ئېتىراپ قىلىشتا بىر خىل مەغرۇرلۇق پوزىتسىيەسى بولۇپ، كۆڭلىدە يەنىلا بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ خىل يىگىتلەر سىزنىڭ تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا «قارىغۇچى» بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئائىلە ئىشلىرىدا ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىسىڭىز، ئۇ سىزنى ئاياللىق قىممىتىنى يوقاتتى، دەپ سىزنى مەنسىتمەيدۇ ۋە سىزدىن ئاغرىنىدۇ.

# قىزلار يىگىتنى مۇھەببەتكە تويۇندۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك

مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچراش تۇرمۇشتا كۆپ كۆرۈلىدۇ، دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن شۇنداقلا ئايرىلىشىپ قويۇش نىيىتىدە باردى ـ كەلدى قىلغان بولسىڭىز، كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ سىز ئايرىلالمىغۇدەك چىرايى، ياخشى خىزمەت ئورنى بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىن كېچەلمەيسىز، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرىسىز. ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيسىز. مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغان قىزنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى قارشى تەرەپكە بەدەل تۆلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، تۆلەنگەن ھەم تۆلىنىۋاتقان شۇ بەدەللەر ئاخىردا شۇ قىزنىڭ ئورنىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ شۇ بەدەلنى تۆلىشى ھەقلىقتەك تۇيغۇغا كېلىدۇ، ئادەت ئاخىردا مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، سىز تۆلىگەن شۇ بەدەللىرىڭىز ئارقىلىق ئۇنى پەقەت بىر مەزگىللا يېنىڭىزدا ساقلاپ تۇرالىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇ سىز تۆلىگەن بەدەللەر، قىسقىسى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە تويۇندى، ئەمدى ئۇ يېڭىچە، ئۆزىنى بەدەل تۆلىتىدىغان مۇھەببەتكە ئىنتىلىدۇ. سىزگە تەكلىپىم شۇكى، يىگىتىڭىزگە بارلىق مۇھەببىتىڭىزنى بېرىۋەتمەڭ، مۇھەببەتنىڭ ئاز ـ ئازدىن، چوڭقۇرلىقىنى ياخشى. بۇنداق بولغاندا يىگىتىڭىز سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى سىز بەرگەن مۇھەببەتكە ئۇ تېخى قانمىدى ـ دە. ئەگەر سىز ئۇنى مۇھەببەتكە تويۇندۇرۇۋەتسىڭىز، ئۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا سىز ھەرقانچە يۇگۇرۇپمۇ يېتىشەلمەيسىز، مۇھەببەتتە ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزگە ئىگە بولالىشىڭىز كېرەك، شۇنداق بولغاندا مۇھەببىتىڭىز ئۇزاق داۋاملى-

شىدۇ، بولمىسا ئاقىۋەت مەغلۇبىيەت، ئاچچىق ياشلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، خالاس.

## توي قىلىش ھەرگىز ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس

توي قىلىش ھەرگىزمۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. توي قىلىشتىن ئىلگىرى سىز چوقۇم يىگىتىڭىزگە نىسبەتەن بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنىڭدىلا كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىزدىن خاتىرجەم بولالايسىز. ئەگەر سىز يىگىتىڭىزنى ھەقىقىي چۈشىنىشنى خالىسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقان قىسقىغىنە مەزگىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى چوقۇم بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ياخشى كۆزىتىشىڭىز كېرەك.

1. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە پات ـ پات بېرىپ تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، ھەتتا ئۇششاق ئىشلارغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭ. ئەگەر يىگىتىڭىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر شەخسىيەتچى، تەكەببۇر، كىشىگە بايلىق ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىدىيەسى سىزدىن كۆپ پەرقلەنمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق توغرىسىدا ئوبدان ئويلىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

2. كۆزىتىش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىز، يىگىتىڭىزنى كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزدا سىزدىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز. پىسخولوگىيە ئالىملىرى: نۇرغۇن ئەرلەر ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشتا روشەن ھالدا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ئۈرنەك قىلىشنى ئويلايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى ئىناق، كۆڭۈللۈك ئائىلە بەرپا قىلغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق ئائىلە قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ

ھەمدە كەلگۈسىدە ئۇ چوقۇم ياخشى بىر ئەر بولالايدۇ، دەپ كۆر-
سەتكەن.

3. ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن كۆپرەك ئارىلاشىشىڭىز ئۇلاردىن
يىگىتىڭىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. يە-
نە ئۇنىڭ دوستلىرىغا بولغان مۇئامىلىسىنىمۇ كۆزىتىپ بېقىڭ،
سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئادەم دوستلىرىغا
ھەرگىز رەھىمسىزلىك قىلمايدۇ.

4. خىزمەتكە بولغان پوزىتسىيەسىنىمۇ كۆزىتىڭ. بۇ ئارقىلىق
ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا، تىرىشچان ئادەم ئىكەنلىكىنى ياكى يې-
نىك، ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بى-
لەلەيسىز. خىزمەتداشلىرىنىڭ يىگىتىڭىزگە قارىتا قانداق
پىكرى بارلىقىنى ئاڭلاپ باققىنىڭىزنىڭمۇ زىيىنى يوق.

5. ئۇنىڭ ئۇششۇمتۇت يۈز بەرگەن ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە
107 قىلىشىغا دىققەت قىلىڭ. مەسىلەن ئاილۇق، ئىككىڭلار ۋېلىسى-
پىتلىك سىرتقا ئويناغىلى چىققاندا، بىرىڭلارنىڭ ۋېلىسىپىتىدىن
چاتاق چىقىپ قالسا، ئاچچىقى كېلىپ ۋېلىسىپىتنى تىللاپ، ئال-
دىراپ - تېنەپ رېمونت قىلامدۇ ياكى سەۋرچانلىق بىلەن پۇختا
رېمونت قىلامدۇ، مۇشۇ ئىشتا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ مى-
جەزىنى بىلەلەيسىز.

6. ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان
ياكى بەرمەيدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈڭ. سىز ئۇنىڭدىكى يېتەر-
سىزلىكلەرنى يۈز - خاتىرە قىلماي كۆرسىتىپ بېرىپ، ئاندىن
ئۇنىڭ ئىنكاسىنى ئاستا كۆزىتىپ بېقىڭ. پىكرىڭىزنى قوبۇل قى-
لىپ كەمتەرلىك بىلەن ئۆزگەرتىۋاتقان ياكى ئۆزگەرتمەيۋاتقانلىقى-
غا قاراڭ. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ تەنقىدىڭىزگە پەرۋا قىلمىسا، بۇنداق
ئادەملەر ئۆزىمىنىڭلا توغرا دېيىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ھالدا تۈي

قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا باقمىسىڭىز، ئوت- تۇراڭلاردا ئاسانلا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

7. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى كۆزىتىپ بېقىڭ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مەزگىللىرىڭىزدە، ئۇ چوقۇم سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇ ئالدىغا ئۇيناقشىپ كەلگەن ئاسلاننى تېپىۋېتەمدۇ قانداق؟ ئاپ- توبۇسقا ئولتۇرغاندا قېرى، ئاجىزلارغا، ئانا ۋە بالىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەمدۇ - يوق... ئەگەر ئۇنىڭدا كۆيۈمچانلىقنىڭ كەم- چىل ئىكەنلىكىنى بايقىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭ سىزنى چىن كۆڭ- لىدىن ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئويلىنىپ كۆ- رۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

## قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن بۇنداق ئويلىماسلىقى كېرەك



ئائىلە راستىنلا مۇھەببەتنىڭ قەبرىگاھىمۇ؟ سىز ياشلىق مۇ- ھەببىتىنى قانغۇچە سۈرگەن كىنوخانا، باغ، سەيلىگاھ، تۇگمەس كوچىلار، كىشىلەر نەزىرىگىمۇ ئىلىنىشمايدىغان ئەمما سىز ئۈچۈن قەدىرلىك بۇلۇڭ - پۇچقاقلار، ئىشقىلىپ سىزنىڭ تويدىن بۇرۇنقى مۇھەببەتلىك كۈنلىرىڭىز ئۈچۈن يېيىلغان چەكسىزلىكلەر تويدىن كېيىن بىردىنلا يوقاپ كەتكەندەك، ئىلگىرىكى شېرىن كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتكەندەك ھېس قىلىسىز، نېمىلەرگىدۇر ئېچى- ڭىز پۇشىدۇ، ئىلگىرىكى قايناق ھېسسىياتلىرىڭىز ئاستا - ئاستا يوقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

تۇرمۇشتا بىر قىسىم ئاياللار ئېرىنىڭ توي قىلىپ بىر مەز- گىلدىن كېيىن ئىلگىرىكى ئوتلۇق بېقىشلىرىنىڭ سۇسلىشىۋات-

قانلىقىنى، ئىلگىرى ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان گۈزەللىك تەرىپلە-
رىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ئۆچىسىغا يېڭى كىيىم ئارتىۋال-
غان كۈنلىرىدىمۇ ئېرىنىڭ بىرەر ئېغىز يارىشىپتۇ دەپ ماختاش-
لىرى ئۇياقتا تۇرسۇن سەپسېلىپمۇ قويمىغانلىقىنى، ھەتتا ئېرى
ئۈچۈن گۈزەللىك ھەدىيە قىلماقچى بولغان بارلىق ياسىنىشلىرى-
نىڭ پەرۋاسىز قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمىشە ئۆزى ئۈچۈن بېسىم قى-
لىپ، ئائىلىدە مۇھەببەت قالمىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئويلاپ
كۆرۈڭ، بىر ئايال ئۈچۈن ئۆزىنىلا ئويلاپ ئېرىنىڭ قەلب ئارخىپ-
لىرىغا نەزەر سالماسلىق نېمە ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، مۇھەببەتتىكى تەلەپ ئاياللارغىلا خاس ئەمەس،
ئەرلەرمۇ مۇھەببەتنىڭ كۆيۈنۈشلىرىگە، پەپىلەشلىرىگە موھتاج،
سۆيگۈ ۋە نىكاھ ھەرگىز تىنچ كۆل سۈيى ئەمەس، ئۇنىڭمۇ مۇش-
كۈلات داۋانلىرى بولىدۇ، داۋاننى تەنھالىقتا بېسىپ بولمايدۇ. ھە-
قىقىي مۇھەببەت، نىكاھ دەل مۇشۇ داۋاندا سىنىلىدۇ. شۇنداق،
قول - قولغا، يۈرەك - يۈرەككە تۇتاشقاندىلا نى - نى داۋانلار ئار-
قىغا تاشلىنىپ، گۈزەل ھايات ئايىغىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

109

شۇنداق، سىزنىڭچە سۆيگۈ داۋاملىشىشى كېرەك. ئۇنداقتا سىز
تويدىن كېيىن مۇھەببەت ئۈچۈن زېھنىڭىزنىڭ نەچچە پىرسەنتىنى
ئاجراتتىڭىز؟ يارىتىۋاتقان تۆھپە، قىلىۋاتقان سەمىمىيلىكلىرى-
ڭىز ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قانچىلىك ئورۇن بەردىڭىز؟ بىلىشىڭىز
كېرەككى، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئەر - ئايالنىڭ ئورتاق پەرۋىشىدىن
كۆكلەيدۇ. مۇھەببەت داتلاشماس پولات، ئۆزگەرمەس قېلىپ ئە-
مەس. ئىنسان رېئاللىقنى ئۆزگەرتكۈچى ئىكەن، ئەلۋەتتە سۆيگۈ-
نىڭ بەخىباش ئېقىنلىرىنى تىزگىنلەپ، كۆڭۈل ئېتىزلىرىغا باش-
لىۋېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس، چېچەن، پىشقان ئاياللار ئەرلەرگە
قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار ئاياللىق شەرم -

هايا، ئەلسىياقى ياسىنىشلىرى بىلەن ئەرلەر ئالدىدا ئۆز سالاپەت ۋە سېھرىي كۈچىنى ياراتسا، ئىچكى دۇنياسىدا تاۋلىنىغان چىن ساداقەت، سەمىمىيلىكى بىلەن ئەرلەرنىڭ سۆيگەن جورىسىغا ئايلىنىدۇ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغان ئايال ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ ئاقىۋەت ھەممىدىن ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ، تەربىيەلەيدۇ، ئاياللارغا خاس ئىدىيە تەلپۈنۈشلىرى ئۇلارغا ھاياتلىق ۋە سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ، نەتىجە ئۇلارنى ئۆزى سۆيگەن ئەرلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە، مۇھەببىتىگە نائىل قىلىدۇ، ئۇلارنى قارىغايغا ئوخشاش بەردەملىككە ئايلاندۇرىدۇ.

ئائىلىنىڭ گۈمرانى قەلب گۈمرانلىقى، يەنى مۇھەببەت گۇمرانلىقىدىن باشلىنىدۇ. سېھرىي كۈچكە باي، پىشقان ئاياللاردىن بولماقچى بولسىڭىز تۇرمۇشنى سۆيۈڭ، تۇرمۇشنى بىلىڭ، كۆپرەك ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇڭ، ئاياللىق خىسلەتلىرىڭىزنى قەدىرلەڭ، ئېرىڭىزنىڭ قەلب دۇنياسىدىن كېلىۋاتقان سادالارغا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سېلىڭ، شۇ چاغدا «ئائىلە مۇھەببەتنىڭ قەبرىگاھى» دېگەن جۈملىنى سەپسەتىگە ئايلاندۇرالايسىز!

110

# سۆيگۈ ۋە ھىجران بايانلىرى

## ھاياتلىقنىڭ گۈلى بولغان قىز

ھاياتلىقنىڭ گۈلى بولغان قىز شۇنى بىلىڭكى، بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب؛ تىلسىزلىق ئەيىب ئەمەس بىلىمسىزلىك ئەيىب؛ سەتلىك ئەيىب ئەمەس، نادانلىق ئەيىب؛ تېرە قارىلىق ئەيىب ئەمەس، كۆڭلى قارىلىق ئەيىب؛ ياسىنىش ئەيىب ئەمەس، چاكىنىلىق ئەيىب؛ ياۋاشلىق ئەيىب ئەمەس، ئىقتىدارسىزلىق ئەيىب؛ قەتئىيلىك ئەيىب ئەمەس، جاھىللىق ئەيىب؛ ئۆزىگە ئىشىنىش ئەيىب ئەمەس، شەخسىيەتچىلىك ئەيىب؛ جانلىقلىق ئەيىب ئەمەس، شالاقلىق ئەيىب؛ سەگەكلىك ئەيىب ئەمەس، گۇمانخورلۇق ئەيىب؛ سۆزمەنلىك ئەيىب ئەمەس، مۇغەمبەرلىك ئەيىب؛ ئەي ھاياتلىقنىڭ گۈلى بولغان قىز، سىز يەنە شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىڭىز، تۇرمۇشنى چۈشىنىشىڭىز بىر قېتىم چوڭقۇرلىشىدۇ؛ بىر قېتىم خاتالاشسىڭىز، كىشىلىك تۇرمۇش ئېڭىڭىز بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ؛ بىر قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچرىسىڭىز، دۇنيا توغرىسىدىكى بىلىشىڭىز بىر دەرىجە پىشىپ يېتىلىدۇ؛ بىر قېتىم ئازاب چەكسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولىنى بىر قېتىم مۇكەممەللەشتۈرۈۋالىسىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇرمۇشىڭىزنى شاد ــ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى ئويلىسىڭىز، ئالدى بىلەن مەغلۇبىيەت، بەختسىزلىك، ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە توغرا قارىشىڭىز كېرەك ھەم ئۆزىڭىزنى ۋە ئۆزگىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ــ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قەدىرلەشتە.

# ئەي قىز، ئانىڭىز سىزگە مۇنداق دېگەنمۇ

ئەي قىزىم، ئىپپەت ــ ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا دېگەنلىكتۇر. قىزلارنىڭ تەبىئىتىگە خاس پاكىزلىق، ھايا، نەپىسلىك، زىبالىق، ھوشيارلىق كەبى پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، لاتاپىتىگە لاتاپەت قوشىدۇ. قىزنىڭ ھۆسنى يېرىم بايلىق، ئەقلى بولسا خەزىنە. ئۇلۇغ ئالىم ئىبن سىنا: «ئىنساندا مەڭگۈ تۇرىدىغان ھۆسن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر، ھاياسىز يۈز جانسىز جەسەت كەبىيدۇر» دېگەنىدى. دەرھەقىقەت، ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئىسسىق كۆرسىتىدىغان نەرسە ــ قىزلارنىڭ ھايا ۋە ئىپپىتىدۇر. ھايا ۋە ئىپپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن قىز ھامانەم ھەقىقىي ئىنسانلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغىنىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ قىزلار قەلەم قاش، شەھلا كۆز، ئۇزۇن چاچ، كېلىشكەن، گۈزەل بولسىمۇ شەرم ـ ھايالىق بولمىسا، ئۇلارنى ھېچكىم گۈزەل دېمەيدۇ. ئىپپەتلىك قىز دېگەندە، كۆز ئالدىمىزغا تەبىئىتى مۇلايىم، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ھايالىق، نومۇسچان ئاتا ـ ئانىغا مېھرىبان، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈمچان، چوڭ ـ كىچىكلەرگە ئېتىبارلىق قىز نامايان بولىدۇ ۋە بۇنداقلار كۆزىمىزگە چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ھايا كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتۇرغۇچى ۋە ياخشىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر. كىمنىڭ ھاياسى بولمىسا، شۇنىڭ ئۈيتى بولمايدۇ ۋە بارچە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.

ئەي قىزىم، كىشى خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما، ئەگەر سېنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سۆزىگە قاراپ جاۋاب بەر، ئەقلىڭ يەتمەس سۆزنى سۆزلىمە، كۈچۈڭ يەتمەس ئىشقا ئېسىلما، ھەر ئىشتا ئوتتۇرا ھالىقىنى كۆزدە

تۇتۇش كېرەك. جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىر بىرگە سۆزلۈك بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، ھەر تۇرلۇك سۆزنى ئاڭلىساڭ گوياكى ئاجىزلىقتىن كۇچلەنگەندەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كېرەككە كەلسۇن ـ كەلمىسۇن، جىنىڭ، تېنىڭ بىلەن ئاڭلا. چۇنكى، سۆز بىر سەدەپكە ئوخشايدۇ، ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ.

## ئەي قىز، سىز ئانا بولغاندا قىزىڭىزغا مۇنداق دەڭ

ئەي قىزىم، تىل بىلەن يۇرەك ياخشى بىلەن يامانلىقنىڭ بۇلىقى. بۇ ئىككىسى ياخشى بولسا ئادەممۇ بەختلىك ۋە ياخشى بولىدۇ؛ بۇ ئىككىسى يامان بولسا، ئادەممۇ يامانلىق ۋە بەختسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: تىل — يۇرەكنىڭ جارچىسى. يۇرەك نېمىنى ئويلىسا، تىل شۇنى سۆزلەيدۇ، كۆڭۈلگە كەلگەننى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ. كىشىلەر سۆزگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختانسا، سەن سۇكۇت قىلىش بىلەن ماختان، ھەر نەرسىنىڭ دەلىلى بار، ئەقىلنىڭ دەلىلى — پىكىر، پىكىرنىڭ دەلىلى — سۇكۇتتۇر. سەن سۇكۇت قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن، سۇكۇتتىن يىراقلاشساڭ مەغلۇبىيەت سېنى قارشى ئالىدۇ.



## بىر ئانىنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتى

بىر ئانا قىزىنى ئەرگە بەرگەندىن كېيىن مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

ئەي قىزىم! بۇگۇندىن باشلاپ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەتتىڭ، باشقا بىر ئادەمگە يارۇ ـ يولداش بولدۇڭ، سەن ئۇچۇن بەخت ـ ئامەت تىلىگۇچى ئاناڭ تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ئۇشبۇ نەسىھەتلەرنى

مەھكەم ئېسىڭدە تۇتقايسەن ۋە مۇمكىن بولغاندا پايدىلىنارسەن.

قىزىم، ئېرىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئۆزىگە يولداش، قايغۇدا بىللە قايغۇرغۇچى، شادلىقتا بىللە شادلانغۇچى يولداش بولۇش ئۈمىدى بىلەن سېنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەسلا يەردە قويمىغايسەن، ئۇ ھەر ۋاقىت سەندىن رازى بولۇپ ياشىسۇن.

قىزىم، تېز كۈنلەردە ئائىلە قۇرۇشقا كىرىشىسەن، ئائىلە قۇرۇشتا ئېتىبارغا ئېلىشقا كېرەك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرى، بولۇپمۇ قېيىنئاناڭ، قېيىنئاتاڭنى ھۆرمەت قىل. ئۇلارنى ئۆز ئاناڭ، ئۆز ئاتاڭدەك كۆر. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىڭ ھېسابلا، قېيىنئانا، قېيىنئاتاڭنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىل. مۇشۇ يېڭى تۇغقانلىرىڭنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلىۋال ۋە شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىل. ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن ساقلان، چۈنكى ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئېرىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. سەندىن ئۆتسە يېقىنلىرىڭنىڭ كۆڭلىدە قالار، ئۇلاردىن ئۆتسە سەندىن قىزغىنار. بۇنىڭ قايغۇسى بىلەن ئېرىڭ تاماقتىن قالار ۋە ئاخىر كېسەل بولۇپ قالار. ئەرلەر ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىنىڭ شاد، تىنچ بولۇشىغا موھتاجدۇر، ئائىلىدە ئازراق قايغۇ بولسا ئۇلارنىڭ كەسپىگە تەسىر يېتەر.

قىزىم! ئېرىڭدىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرما، ئېرىڭدىن باشقا بىرىگە سىر ئېيتما. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭگە قارشى گەپ قىلما، چىرايىڭنى تۈرمە. ئەرلەر خوتۇنلىرى تەرەپتىن بولغان ئەڭ زور كەمچىلىكلەرنى كەچۈرەلەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئازراقلا نەرسىنىمۇ ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۇلار ئەيىبلىك ئەمەس. ئەگەر يارىماس ئادىتى بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۆڭلىنى ئاغرىتمايدىغان ئىش تۇت.

قىزىم، ئېرىڭ ياقتۇرمىغان ئىشلاردىن، كۆڭلىگە كېلىدىغان ئادەتلەردىن يىراق بول. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلما، ئېرىڭنىڭ مىلىنى ئاسراپ تۇت، ئىسراپ قىلما.

قىزىم، ئۆيۈڭ تەرتىپلىك، ھەر نەرسە ئۆز جايىدا بولسۇن. بالىلىرىڭنى ئېرىڭگە ئامراق، ئېرىڭنى بالىلىرىڭغا كۆيۈمچان قىلىشقا تىرىش. ئاتىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلىشى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك. بالىلىرىنى سۆيمىگەن ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئىنسابلىق بولىدۇ ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىپ باشقا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرگە كۆز سالمايدۇ.

قىزىم، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈش ئەقىللىك، تەربىيەلىك خوتۇنلار ئۈچۈن ئېغىر ئىشلاردىن ئەمەس. ئەقىللىك خوتۇنلار كۈچلۈكلەر كۈچى بىلەن قىلالمىغان ئىشلارنى ئەقلىگە تايىنىپ قىلالايدۇ.

قىزىم، بەزى ۋاقىتلاردا ئەرلەر خوتۇنلىرىغا نىسبەتەن تۆۋەن كۆرۈش خاھىشىدا بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا مۇشۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ ئۇنىڭ توغرا بولمىغان ئەيىبلىرىنى سۆزلۈگۈڭ كېلىدۇ، لېكىن بۇنداق چاغدا بۇ ھەققىدە ئازراق سۆزلە.

قىزىم، ئائىلە ھەر ۋاقىت نېمەت ئەمەستۇر، بەزى چاغلىرىدا زەھرى، تىكىنى، نەيزىلىرى بولىدۇ. ئېرىڭ بىلەن ئاراڭغا سوغۇقچىلىق چۈشسە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سۆزلە، قىزىرىشما، چىرايىڭنى ۋە ئاۋازىڭنى ئۆزگەرتمە، ھۆرمەت قىل، ئۇ ھەرقانچە ئاچچىقلانسىمۇ قارشى سۆز قىلما. ئەڭ ياخشى خوتۇن ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، ئاچچىقىغا هاي بەرگەن خوتۇندۇر.

قىزىم، بالاڭ بولسا ئۇلارنىڭ تېنىنى ئاسرا، مەكتەپكە بارغۇچە ئەقلىي جەھەتتە تەربىيە قىل، ياخشى قىلىقلارغا ئادەتلەندۈر.

## قىزچاق، ئانىڭىزنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ

بىز بىر قىسىم قىزلارنىڭ ئانىسىدىن ئاغرىنىپ، ئۇلارنى بەك قۇسۇرچى، زوراۋان، شەخسىي تۇرمۇشىمىزغا چات كىرىۋالىدۇ،

كىچىككىنە ئىشلار ئۇچۇنمۇ ئاچچىقلىنىپ چېچىلىپلا كېتىدۇ،
بىزنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماق تەس،
دەپ ئانىسىدىن ئاغرىنىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلار ئا-
نىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەيدۇ. بىز تۆۋەندە
قىزلارنىڭ ئانىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىش-
لىك بىرقانچە نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. ئانىڭىزنىڭ سىزدىن خاپا بولۇشىدىكى سەۋەبنى بىلىۋېلى-
شىڭىز كېرەك. نۇرغۇن پىسخولوگلار قىزلارنىڭ يېتىلىشكە قەدەم
قويغان مەزگىلى ئۇلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك مەزگىلى، چۈنكى يې-
تىلگەن قىزلار ئۆزى دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرنى چۈشىنىدۇ، پى-
شىپ يېتىلمىگەن قىزلارنى باشقىلار ئاسانلىقچە كەچۈرمەيدۇ،
ئۇلارمۇ دائىم باشقىلاردىن خاپا بولۇپ يۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. قىزلار
بىلەن ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى توقۇنۇشلار دەل مۇشۇ خىل
پىسخولوگىيەلىك سەۋەبكە ئاساسەن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، قىزلار
ئۆزىنىڭ ئەمدى كىچىك ئەمەسلىكىنى، بەڭباشلىق قىلىشقا بول-
مايدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم.

2. ئانىڭىزنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماڭ. ئانىڭىز بى-
لەن ئوتتۇراڭلاردىكى توقۇنۇشتا بەزىدە ئانىڭىزنىڭ توغرا بولمىغان
بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سىز بالىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن
ئانىڭىزنىڭ مەلۇم ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنسىڭىز، تېخىمۇ
چوڭ توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىسىز. شۇڭا، ئانىڭىزنىڭ سۆز -
ھەرىكەتلىرى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمىسىلا، ئۇنىڭ
تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ھۆرمەت قىلىسىڭىز بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن
ئېيتقاندا، ئانىڭىزنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىز ئانىڭىزنىڭ
ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىز ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭىز
بولىدۇ.

3. ئانىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى مۇۋاپىق تەرەپلەرنى قوبۇل
قىلىشىڭىز كېرەك. ئانىڭىز ئانا بولغانلىقى ئۈچۈن سىزگە قارى-

غاندا مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە. شۇڭا، ئادەتتە ئۇنىڭ بەزى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ مۇۋاپىق تەرىپى بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئانىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى پۈتۈنلەي توغرا بولىدۇ. شۇڭا ئانىڭىزنىڭ مۇۋاپىق ئەيىبلەشلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن يۇمشاق پوزىتسىيەدە تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلسىڭىز، كېيىن ئانىڭىز ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىقى مۇمكىن.

4. خورلۇق ھېسسىياتىدا بولماسلىقىڭىز لازىم. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قىزلارنىڭ غۇرۇرى، شۇنداقلا مۇستەقىللىق ئېڭىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۆزى قىلغان ئىشنى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە باشقىلار ئارىلاشسا، ئارىلاشقۇچى ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىسى بولسىمۇ خورلۇق ھېس قىلىدۇ. قىزلار شۇنى بىلىشى لازىمكى، ئانىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا ئارىلىشىشى ھەرگىزمۇ سىزنى خورلۇققا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن سىزگە بولغان ھامىيلىقىنىڭ تەبىئىي داۋامىدۇر. شۇڭا، مۇشۇنداق چاغدا قىزلار خورلۇق ھېسسىياتىدا بولۇپ قالماسلىقى لازىم. خورلۇق ھېسسىياتىدا بولۇپ قالماسلىقنىڭ يەنە بىر چارىسى ئانىنىڭ ئەيىبلىشىگە بەكمۇ ئەستايىدىل قاراپ كەتمەي، مەن مەڭگۈ ئانامنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر پارىسى دېگەندەك ئىبارەت توغرا ھېسسىياتتا بولۇش لازىم.

5. ئانىڭىز بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيمەن دەپ يۈرمەڭ. بەزى قىزلار ئانىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغاندا ئاچچىقىنى باسالماي، مېنىڭ پىكرىم توغرا تۇرسا، ئانام ماڭا ئۇۋال قىلامدۇ، دەپ ئانىسى بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئانىلار بىلەن قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن توقۇنۇشلار تەبىئىي ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ھەق ـ ناھەقنى چوقۇم ئايرىيمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش تۈگىمەيدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەر-

گەندە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، قىزلار يۇقىرىقى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

## قىزچاق، مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز

بىر كۈنى دوستۇمدىن، ئەگەر ساڭا ئۈچ كىشى بىرلا ۋاقىتتا مۇھەببەت ئىزهار قىلسا، بۇلارنىڭ بىرىنچىسى سېنى تاماقتا تەكلىپ قىلىشقا، ئىككىنچىسى ساڭا گۈل تەقدىم قىلىشقا، ئۈچىنچىسى سېنى مەدھىيەلەپ شېئىر يېزىشقا ئامراق بولسا، بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى خالايسەن؟ دەپ سورىدىم.

— ھېچقايسىسى بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى خالىمايمەن.

— ئەگەر بۇ ئۈچى بىر ئادەم بولۇپ قالسىچۇ؟

— ئۇنداقتا ئويلىنىپ بېقىشقا بولىدۇ.

— ئەمىسە سېنى بۇ كىشىگە ماقۇل بولدى دەيلى، بۇ كىشى بىلەن بىرگە 10 يىل تۇرمۇش كەچۈردۇڭ دېسەك، كېيىنچە ئۇ ساڭا گۈل سوۋغا قىلىپ، ساڭا ئاتاپ شېئىر يېزىشنى، سېنى دائىم تاماققا تەكلىپ قىلىشنى ئارتۇقچە ھېس قىلىپ، بۇ ئىشلاردىن بىرىنى قىسقارتىشنى ئويلاشسا، سەن ئۇنىڭ قايسى تۈرنى قىسقارتىشنى خالايسەن؟

دوستۇم بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— سىرتتا يېمىسەمغۇ بولار، — دېدى.

— يەنە 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى دېسەك، ئۇ كىشىگە قېرىلىق يەتتى، دائىم گۈل تەقدىم قىلىش، شېئىر يېزىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە بىر تۈرنى قىسقارتىشنى ئويلىدى، ئۇنىڭ قايسى تۈرنى قىسقارتىشنى خالايسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇنداقتا شېئىر يازىدىغاندىن ۋاز كېچەي.

— ئۇنداقتا سەن ئىككىنچى كىشىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلـ-دىڭ، سەن ئاۋۋال بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىمەن دېگەن بولساڭمۇ، ئاخىردا يەنىلا گۈل تەقدىم قىلىشقا ئامراق كىشىنى تاللىدىڭ.

مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم -يۇ، ئويلىنىپ قالدىم.

بۇ ئەسلىدە مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئىكەن، بىر كىشىگە نىسبەتەن سىز دە مۇھەببەت چوڭقۇرلىغانسېرى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغىنى-ڭىز شۇنچە كۆپ بولىدىكەن. ئۆزىدىن باشقا تەرەپلىرىگە پىسەنت قىلمايدىغان بولىدىكەنسىز.

ھەممىمىزنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى بولىدۇ. دانالىرىمىز ئېيتقاندەك، مۇھەببەت بىر ئىستاكان سۇ. ئويلاپ باقسام مۇھەببەت چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە ئىكەن، مۇھەببەتلا مەۋجۇت بولىدىكەن، كىممۇ باشقا نەرسىلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرىدۇ دەيسىز؟

119

## مۇھەببەت ئۈچۈن ھاياتىڭىزنى تەقدىم قىلالامسىز

مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلالام-سىز؟ مۇھەببەت راستىنىلا بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزغا ئەر-زىمدۇ؟

مەن بۇرۇن ئىزچىل ھالدا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغان-تىم. مەن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشنى خالىمايمەن، بەلكىم بەك شەخسىيەتچىدۇرمەن. مەن ئەتراپىمدىكى بارلىق نەرسىلەرگە قىد-يالمايمەن. مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى باشلىمى-دىم، قىممەتلىك ھاياتىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن. ئۆز مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئاتا - ئانامنى بىر چەتكە قايرىپ قويالمايمەن، ئۇلار ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلدى. مەيلى خۇشاللىق ئىچىدە يايراي، مەيلى كۆز يېشى قىلاي، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ رەڭدار تۇرمۇشۇمنىڭ

بىر قىسمى. مەن ئەركە ئەمەس، ئەممە مەن ئۆزىنى سۆيىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان بىر قىز. مۇھەببەتكە تولغان بۇ دۇنيادا، پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئازابى ھېچنېمە ئەمەس. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ھېكايىسى بارلىقىغا ئىشىنىمەن، پەقەت دېيىشنى خالىمايدۇ، خالاس.

ئەمما بىر دوستۇم بىر قېتىم ماڭا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى. ئەگەر مۇھەببەت بىر ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەلتۈرگەن بولسا ھەمدە ئۇ ئادەم بۇ دۇنيانىڭ باشقا گۈزەللىكلىرىنى كۆرەلمىسە، مېنىڭچە بۇ خىل مۇھەببەت ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بەختلىك بولۇش ئۇچۇن ئەمەسمىدى، تېخىمۇ خۇشال بولۇش ئۇچۇن، بىزگە تەئەللۇق بولغان مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن ئەمەسمىدى؟

ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزدىن ئۇنى ناھايىتى قالتىس دەپ ئويلىساق بۇ توغرا بولارمۇ؟ بۇ ھەقىقىي مۇھەببەتمىدۇ؟...

مەن ئۇنىڭ ئازابىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى چۈشەنسەممۇ، لېكىن بۇ ئازابنىڭ قانچىلىك ئۇزاق داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىر يىل... ئىككى يىل... ئۈچ يىل... ياكى مەڭگۈ؟ مېنىڭ كۆرگىنىم ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن ھالىتى. مەن دوستۇمغا راستىنلا ئىچ ئاغرىتتىم، مۇھەببەت ئۇچۇن كىم ئازابلانمىغان دەيسىز؟...

ئەمما، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىسە، باشقىلارنى قانداقمۇ سۆيەلىسۇن؟

ھاياتلىق ۋە مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس تېما. تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان بۇ جەريان ھاياتلىق دېيىلىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز قىسقا ياكى ئۇزۇن بولسۇن، خۇشاللىق ۋە ئازابلارغا تولغان بولسۇن، ھەممىسى گويا ئېچىلىپ تۇزىغان گۈل-

دەك، ئېقىپ تۈگىگەن سۇدەكلا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، بىز چوقۇم بۇ دۇنيادا ياشىيالىغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز، ھاياتنىڭ نې-مەتلىرىدىن زوق ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ھاياتىمىزدا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە ئازابلارغا دۇچ كېلىمىز. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن ھاياتىمىزنى مەنىلىك بولمىدى دەپ قارىساق قانداق بولىدۇ؟

ھاياتلىق گۈزەل ھەم ھەممىمىزدە يۇكسەك مۇھەببەت بار. بىز قانداق بېغىشلاشنى، قانداق بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋالساق، ھاياتىمىز ئۆزىمىز ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك گۈزەل ھەم مەنىلىك بو-لۇشى تەبىئىي.

بىزگە ياشاش يولى بېرىلدى، بىز خۇشاللىق بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش نىشانىنى توغرا تاللىۋېلىشىمىز، بىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەردىن زوق ئېلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. گۈللەرنىڭ خۇش-بۇي پۇراقلىرى بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ئەتىگەنكى قۇياش نۇرى يولىمىزنى يورۇتىدۇ، ھايات نەقەدەر گۈزەل...

121

## قىزلار ھەددىدىن زىيادە سەمىمىي بولۇپ كەتسە بولمايدۇ

1. نۇرغۇن قىزلار مۇھەببەتلىشىۋاتقان دەسلەپكى ۋاقىتتىلا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى قارشى تەرەپكە قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق قىزلار بىر تەرەپتىن، روھىي ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن تەسەللى ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قارشى تەرەپكە سەمىمىي، ساداقەتمەنلىك بىلەن سۆيگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن جەزمەن سەمىمىي بولۇشۇم كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىل-مىشلار كۆپ ھاللاردا يىگىتكە نىسبەتەن روھىي بېسىم بولۇپ، قىز - يىگىت مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2. كىشىنى بىزار قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەردىن يىراق تۇرۇڭ. مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى كەمسىتىشىڭىزنىڭ ياكى ئۆزىڭىزنى مازاق قىلىش يولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمەن، ئۇنى خۇش قىلىمەن دەپ يۈرۈشىڭىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئۇ سىزنى ئۆزىگە شەرتسىز قوبۇل كۆرگەن بولمىسىلا ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي غەم ـ قايغۇ-ڭىزنى پاراڭنىڭ بىشى قىلىۋالماڭ، بولمىغاندا بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق سۆزدىن باشقا نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

3. قارشى تەرەپنى قارىغۇلارچە تەنقىد قىلىۋەرمەڭ. يېڭى مۇ-ھەببەتلىشىۋاتقاندا، يىگىتىڭىز ئالدىدا ئەڭ ياخشىسى شەخسىي ئا-دىتىڭىز ۋە ياخشى ـ يامان كۆرىدىغان نەرسىلىرىڭىزنى تىما قى-لىپ سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. بولۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ۋە ئىشلىرى توغرۇلۇق كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ يۈرمەڭ، بولمىسا قارشى تەرەپنى تېزلا بىزار قىلىپ قو-يىسىز.

4. ئېقىم مەسىلىلىرىدىن ئاز ـ تولا ساۋادىڭىز بولسۇن. بەزى قىزلار ئادەتتە بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئانچە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغاندا بىلىمسىزلىكىنى چاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى جايىدا قوللانماسلىق، كەلسە ـ كەلمەس باھا بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە، يىگىتلەرنىڭ قايىللىقىنى، ھۆرمىتىنى قوزغىيالمايدۇ. شۇڭا يىگىتىڭىز ئالدىدا سىزگە ناتونۇش بولغان شەيئىلەر توغرۇلۇق ئازراق سۆزلەڭ.

5. ئەگەر سىز بىر سۆزمەن، چۈۋۈرلاپلا تۇرىدىغان قىز بولسى-ڭىز، سۆز قىلىش سۈرئىتىڭىزنى ئاستىلىتىڭ ياكى سۆزلەشتىن ئىلگىرى چوڭقۇرراق نەپەس ئېلىۋېلىڭ. مۇشۇنداق بولغاندا ئويلى-نىپراق سۆزلىيەلەيسىز ھەمدە بەزى گەپلەرنىڭ تاسادىپىي ئېغى-زىڭىزدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز. بۇنىڭدىن باش-

قا، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى بىرىلىپ ئاڭلاڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز سۆزلىگىنىڭىز كىيىنپلا تۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز.

## دەردمەن قىزنىڭ ھەسرەتلىك ئىقرارى

مەن بىر بەختسىز قىز، بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، دۇنيادا مۇنچە دەرد ـ ئەلەملەرنى تارتىپ ياشىغۇچە ئۆلۈپلا تۈگەشسەم بولمامدۇ، دەپ. بىراق، يەنە شۇ بىچارە، ئاغرىقچان ئاتا ـ ئانامغا چىدىمايمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ مېنى دەپ قىلغانلىرىنى، ماڭا قانچىلىك كۆيۈنگەنلىكىنى دېمىگەن بولسام، ئاللىقاچان بۇ رەھىمسىز دۇنيادىن، ماڭا بىۋاپالىق قىلغان، مېنى ئالدىغان ئاشۇ كىشىلەردىن ئايرىلغان بولاتتىم...

ھەممىنى قىلغان شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش. ھازىر ئويلىسام شۇ ۋىجدانسىز، مەسئۇلىيەتسىز ئەبلەخ بىلەن ئۇچراشقانلىقىمغا مىڭلارچە پۇشايمان قىلىمەن، ئۆكۈنىمەن. شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇ مېنى داۋاملىق ئىزدەپ تۇردى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ماڭا مۇھەببەت تەكلىپى قويدى.

توۋا خۇدايىم، قىزلار شېرىن شېكەر گەپلەرنىڭ ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويامدۇ، قانداق؟ مەنمۇ ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ شېرىن سۆخەنلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر يىلدەك مۇھەببەتلىشىپ يۈردۇق. بىراق، شۇ كۈنى كەچتە...

ئۇ بىر سالقىن كۆز ئاخشىمى ئىدى.

ــ كەچ كىرىپ قالدى، شۇڭا بىرەر ياتاقنى ئېلىپ پاراڭلىشىپ ياتايلى، ــ دېدى ئۇ. «ئالىمەن دەپ شۇنچە ئۇزۇن ئارىلاشقاندىكىن، بىرەر چاتاق چىقماس» دەپ مەنمۇ ماقۇل دەپتىمەن. بىراق «ماقۇل» دېگەن شۇ گېپىمنىڭ ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالدۇرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. شۇ كۈنى كېچىسى ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن مەجبۇرىي ئايرىلدىم. بۇ ئىش ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى، مەن شۇندىلا بويۇمدا قالغانلىقىنى

بىلدىم.

— بويۇمدا قاپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەجبۇرىي بىللە بولۇشتىن كېيىن يىغلىغىنىمدا، «خاتىرجەم بولۇڭ، ھامىنى سىزنى ئالىدىغان تۇرسام» دېگەن بۇ «ئەركەك» نىڭ بۇگۈنكى جاۋابى «بالىنى تېزدىن ئالدۇرۇۋېتىڭ، مەن ھازىر توي قىلىشالدىم» بولدى. بۇ جاۋابتىن كېيىن ئىلاجىسىز ئۇنىڭ ئائىلىسىگە باردىم، مېنىڭ دەرد - ئەلەملىرىمنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بالاڭلارنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىمەن، — دېدىم ئامالسىز.

— ئۇنداق قىلماڭ جېنىم بالام، بالىنى ھازىرچە ئالدۇرۇۋېتىپ تۇرۇڭ، بىز بۇ قىزنى بالىمىزغا ئامالسىز ئېلىپ بەرگەن، ئۆزۈڭىزغا قالماي ئۇنى قويدۇرۇۋېتىپ سىزنى ئەكېلىشالىمىز، — دېدى ئۇلار يۇمشاپ.

ئاھ خۇدا! بۇ ماڭا نېمە كېلىشمەسلىك ئەمدى، نېمانداقمۇ بەختسىز تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن. قانداق قىلاي؟ بۇ ئىشنى يا ئاغرىقچان ئاتا - ئانىغا، دوست - يارەنلەرگە دېگىلى بولمىسا... ھە راست، قانۇن ئورۇنلىرىغا بېرىپ باقاي، ئۇلار ياخشىراق بىرەر يول كۆرسىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مۇۋاپىق پەيت تېپىپ مەلۇم بىر ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئىزدەپ باردىم. ئۇلار ماڭا «ئەرز قىلىسىڭىز، بالا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بولسا، ئۇ جىنايى ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئىشقىلىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھامىلىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرتۈپ ئىسپات ئېلىپ قويۇڭ» دېگەن تەكلىپنى بەردى. توغرا، بۇنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغاندىمەن. ئەتىسىلا ھامىلىنى تەكشۈرتكىلى خېلى نوپۇزلۇق بىر دوختۇرخانىغا باردىم، بىراق بىر دوختۇر:

— ھامىلە بەك كىچىككەن، تەكشۈرگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

ھازىر ئويلىسام شۇ كۈنلەردە ئەقلىمدىن ئېزىپتىكەنمەن.

شۇنداق، ئاتا ـ ئانام، دوستلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ مەندىكى «ئۆزگىرىش» لەرگە بولغان ھەر خىل سوئاللىرى، ھېلىقى «ئەر ـ كەك» نىڭ بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش توغرىسىدىكى شېرىن سۆخەنلىـ ـرى، ۋەدىلىرى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماڭا قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى مېنى ھەقىقەتەنمۇ ئەقلىمدىن ئازدۇرغانىدى. «ماقۇل، شۇنچە ئادەم ۋەدە قىلغاندىكەن» دېدىم ئاخىر. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ، باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە دوختۇرخانىدا ياتتىم. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ماڭا خېلى ياخشى قارىدى. كېيىن بىلدىم، ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئىكەن. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ مېنى قەتئىي ئىزدىمىدى.

— يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ؟ نېمىشقا مېنى ئىزدەپمۇ قويمايسىز؟

— مەن دېگەن خوتۇنى بار ئادەم، ئەڭ ياخشىسى تۇرمۇشۇمنى پاراكەندە قىلما!

— بۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭمۇ ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىز باردۇ، ئەينى ۋاقىتتا نېمە دېگەن؟ نېمىشقا ماڭا چېقىلغان؟

— ھا... ھا... ھا... دۇنيادا بەز يېمەيدىغان مۈشۈك بار دەمسەن، سەندەك ياخشى بەزنى يېمىگەن مۈشۈك ياخشى مۈشۈك ئەمەس. كېيىنلىكىڭدىن ئەنسىرىگەن بولساڭ قىزلىق سالدۇرۇۋالساڭلا بولمىدىمۇ...

— ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن.

— قىل، ئەنە سوت، قولۇڭدا نېمە ئىسپاتىڭ بار؟

شۇنداق، مېنىڭ ھازىر ھېچقانداق ئىسپاتىم يوق، نېمىشقىمۇ ھامىلىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرتۈشتە چىڭ تۇرمىغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇلار ۋەدە بەرگەندە ئىسپات خەت يازدۇرۇۋالمىغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇلارغا يەنە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتكەندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىپپىتىمنى ھاياتىم بىلەن قوغدىمىغاندىمەن؟ قېرىنداشلىرىم، بىلىمەن، ھازىر نېمە قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سىلەرگە ئاشكارىلاشتىكى مەقسىتىم زاما ـ

نىمىز ئاكا ـ ئىنىلىرىمىزگە تەربىيە قىلىش، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا ئىبرەت قىلىش، خالاس. مەندىن ئىبرەت ئېلىڭلار، ھەرگىزمۇ مەندەك ساددىلىق قىلىپ ئۆمۈر خاتىرەڭلارنى ھەسرەتلىك داغلىماڭلار!... بۇ بىر ھەقىقىي بولغان ۋەقە. قىز بىلەن پاراڭلاشقان شۇ كۈنى ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ھېكايىسىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. ئۇ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا نەچچە قېتىم يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

يىغلاڭ قىز چاق، قانغۇچە يىغلىۋېلىڭ. ساددىلىقىڭىز، ئىش ئۇقماسلىقىڭىز مانا بۈگۈن سىزنى يىغلاتتى. بەلكىم كۆپرەك يىغلىسىڭىز، ئىچ ـ باغرىڭىز بوشاپ، دەرد ـ ئەلىمىڭىز يەڭگىللەپ قالار.

ئاخىردا كۆپچىلىككە شۇنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، مۇھەببەتسىز دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس، مۇھەببەت دۇنيانىڭ ئاساسى، ئۇل تېشى. ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، راستچىللىق، ۋاپادارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ مۇھەببەت. شۇڭا مىللەتنىڭ ئانىسى بولمىش ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز ئۆزىمىزنى قەدىرلەيلى، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ تەقدىرىمىزنى باشقىلارغا باغلاپ قويمايلى. مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئىستىقبالى بولغان يىگىتلىرىمىزمۇ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا مەسئۇل بولايلى. ئىنسانىيلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ مەنىسى دەل مەسئۇل بولۇشتۇر.

# قىزلار ۋە ئەخلاق مىزانلىرى

## مۇھەببەت دوقمۇشلىرىدىن چىرايلىق ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىڭ

رومانتىك شېرىن مۇھەببەت ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان مەزگىللەردە ئىشقا سېلىنغان بەزى ئالاھىدە بىلىنمەيدىغان ئىشقىۋازلىق ھۈنەرلىرى سىز بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى تېخىمۇ شېرىن ـ شېكەر قىلىۋېتەلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ھۈنەرلەرنىڭ بەزىلىرى سىزنىڭ مۇھەببەت يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىپ، سىزنى ئۆمۈرلۈك داغدا قويۇشى مۇمكىن.



## ئۇنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىشىگە يول قويماڭ

بىر ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇھەببەت دىشۋارچىلىقى ئىچىگە كىرىپ قالغىنىمىزدا، تەبىئىي ھالدىلا ئۆزىمىزنىڭ ھەممىسىنى، ئائىلۇق ئۆزىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىمىز، ئىچكى سىرلىرىمىز، ھەتتا ھېچكىمگە ئېيتىپ باقمىغان مەخپىيەتلىكلىرىمىزنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بېرىشىمىز، بەزىدە بولسا بىرقانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن ھەتتا بىر ياستۇقتا باش قويۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئىچ ـ باغرىنى بىراقلا يېرىپ بېرىدىغان بۇنداق ئوچۇق ـ يورۇقلۇق، قارشى تەرەپتە ھۆرمەت ۋە ئىشىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە مۇھەببەتتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ بېشى بولۇپ

قىلىشى مۇمكىن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، تېخى تازا تونۇشۇپ بولماي تۇرۇپلا ئۆز مەخپىيىتىنى باشقا ئەرلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايدىغان بۇنداق ئاياللارنى ئەرلەر ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ دەپ قارىماي، بەلكى بۇ ھەرقانداق ئادەم خالىغانچە ۋاراقلىسا بولىدىغان كىتاب ئىكەن دەپ قارايدۇ. بۇنداق چاغدا، سىزنىڭ سۆكۈت قىلىشىڭىز ۋە ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ ئولتۇرغىنىڭىز بەلكىم سىزنىڭ ئۆپكىڭىزنى قېقىپ بەرگىنىڭىزدىنمۇ ئۈنۈملۈكرەك رول ئوينىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىڭىزنى قارشى تەرەپكە بەك بالدۇر تەقدىم قىلىۋەتمەڭ، تەقۋادار قىياپەتكىمۇ كىرىۋالماڭ، زىيادە تەشەببۇسكارلىقمۇ قىلماڭ، قولىڭىز كەمىرىڭىزگە سۇنۇلغان ئەنە شۇ پەيتتە ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىڭ ـ دە، ئۆزىڭىزگە هاي بېرىشنى، نەپسىڭىزنى يىغىۋېلىشنى بىلىڭ.

مەخپىي ئەسلەتمە: ئەرلەر تەبىئىي ئوۋچىلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى سىرلىقراق كۆرۈنىدىغان ئاياللارغا ھېرىسمەن كېلىدۇ، قىزىقىش ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى دوپامىن (بەدەندە كۆچلۈك ئىشق ـ ھەۋەس ئوتىنى قوزغايدىغان بىر خىل ئېلېمېنت) نىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سىزنىڭ گېپىڭىزگە قۇلاق سېلىشنى خالايدىغان ھەم چۈشىنىدىغان بىر ئەرنىڭ سىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى بىلەمسىز؟

## ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئالدىراش كۆرسىتىڭ

سىلەر ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشنى ئاللىقاچان باشلىۋەتكەن بولساڭلارمۇ، بىراق ئۇنى ھەرگىز ئۇنىڭ بارلىق ۋاقتى ۋە

تۇرمۇشنى پۇتۇنلەي ئۆز ئىختىيارىمغا ئېلىۋالدىم، دېگەن ھېس-سىياتقا كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ؛ سىزنىڭ خۇشاللىق، خا-پىلىق، ئاچچىق - تاتلىقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مەن ئۇچۇنلا بو-لۇۋاتىدۇ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويسىڭىز تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە شۇنداق بىر كەيپىيات ھاسىل قىلىڭكى، ئۇ-نىڭ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرىڭىز ھاۋالىق جايغا بېرىپ سەيلە قىلغاندەك ۋە چىرايلىق مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئوقۇغاندەك كۆ-ڭۈل ئازادىلىكى ۋە يېنىكلىككە ئىگە بولسۇن. بۇنداق بولغاندا، تۇرمۇشىڭىز يەنىلا ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ پىلاننى تېخىمۇ ئوبدان ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن، بەزى ئۇچرىشىش ۋە تېلېفون ئالا-قىسىنى توختىتىپ قويۇڭ، ئاندىن ئۇ ھەدەپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگىلى تۇرغاندا، ئانچە ئېرەن قىلمىغان ھالدا ئۆزىڭىز-نىڭ يېقىندىن بۇيانقى بەزى باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىڭىزنى مۇنداقچىلا دەپ قويسىڭىز بولىدۇ.

129

مەخپىي ئەسلەتمە: ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇنى ياخشى كۆرۈڭ، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش بوشلۇقىڭىزنى قولدىن بېرىپ قويماڭ، ھايات شامىڭىز ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يالقۇنجىسىمۇ، ئەمما تىزگى-نىڭىزنى ھەرگىز ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويماڭ. سىز ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىرقى زامان ئاياللىرىغا خاس بولغان ئىشەنچ ۋە مۇستەقىللىقنى نامايان قىلىڭ. بۇ دەل ئەرلەرنىڭ نەزىرىدىكى جەلپكارلىقنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەر ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن بەك قورقىدۇ، ئەمما ئۇ سىزنىڭ ئۆزىگە يۆلىنىۋېلىشقا موھتاج ئەمەسلىكىڭىزنى بايقىغاندا، تىزگىنىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇش ئەندىشىسى شۇ ھامان غايىب بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئورنىنى سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىس-مىغا ئايلىنىش ئىنتىلىشتەك بىر خىل جىددىي تەقەززالىق تۇي-غۇسى ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خۇسۇسىي ماكان بىلەن مۇھەببەتلىك

تۇرمۇشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

## ئۆيىڭىزدىن كەلگەن تېلېفون ۋە ئۇچۇرلارغا ئالدىرىمايراق جاۋاب بېرىڭ

يۈرەك پارىڭىزنىڭ جاۋاب تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن چاقچاقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىڭىزدا يۈرىكىڭىزدىن قوزغالغان ھاياجاننى بېسىۋالالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بەك ئالدىراپ كەتمەي، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ، ئارغامچىنى ئۈزۈنراق قويۇپ بېرىڭ. «دەيدەيگە سېلىش» دېگەن بۇ ئۇسۇل ئاڭلىماقتا سەل ۋاقتى ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما شۇ تاپتا سىز ئۇچۇن بۇنىڭ زادىلا كۆتۈلمىگەن زور ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى، بۇنداق «سوغۇق مۇئامىلىڭىز» ۋە چوڭقۇر مەنالار يوشۇرۇنغان ئىپادىڭىزنىڭ ئۇنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى ۋە سېغىنىشىنى قوزغىماسلىقى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ بۇ ھەتتا ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدا «سىزسىز ھايات ھارام» دېگەن كۈچلۈك ھېسسىياتنى پەيدا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆيىڭىزدىن تېلېفون كەلگەندە، سىز تېلېفونغا سۆز قالدۇرۇپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئۆيىڭىزدىن كەلگەن پوچتا يوللانمىلىرىغىمۇ جىددىي جاۋاب قايتۇرمىغان دەپ ئالدىراپمۇ كەتمەڭ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بۇلار ئۇنىڭدا تېخىمۇ زور قىزىقىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنى سىزنى زادى نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىنىدىغان قىلىشىڭىزمۇ سىزگە ئانچە زىيىنى يوق.

مەخپىي ئەسلەتمە: ئەرلەر مۇھەببەتلىشىش داۋامىدا، خىرىسنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشقا بەك ھېرىسمەن كېلىدۇ. بەزىدە ناھايىتى ئەرزىمەس بىر تەپسىلات ئارقىلىقلا ئۆزىڭىزنىڭ ھەدەپلا قولغا كىرگۈزۈۋالغىلى بولمايدىغان ئاددىي ئايال ئەمەسلىكىڭىزنى ئىس-

پاتلىيالايسىز. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئويۇن ئارقىلىق سىز ئۇنىڭ سىزگە زادى قانچىلىك كۆڭۈل بەرگەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. باشقىچە ئېيتقاندا، سىز ئۇنىڭ دەماللىققا كۆڭۈل بەرگىنىنى ياكى چىن كۆڭلىدىن مۇھەببەت قويۇۋاتقىنىنى بىلىۋالالايسىز.

## ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ يات جىنسلىق دوستلىرىڭىز بارلىقىنىمۇ بىلدۈرۈپ قويۇڭ

نۇرغۇن قىزلار ھەمىشە مۇنداق بىر خاتالىقنى سادىر قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ: كۆڭۈلدىكىدەك ئادەمنى تاپقان ھامان بۇرۇنقى قەدىناس دوستلىرىنى ۋە بۇرۇنقى يات جىنسلىق دوستلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ نۇرغۇن ئەرلەر ياقتۇرىدىغان ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇش، شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر ياقلىق قىلىش ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتكە زەرەر يەتكۈزمەيدۇلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى مەن پەقەت باشقىلاردىن ئېشىپ كېتەلىگىنىمدىلا ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ چىڭ قارىتالايدىكەنمەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.



تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشچە، ئەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى خىرىسقا دۇچ كەلگەندىلا ئاندىن تولۇق غەيرەتكە كېلەلەيدىكەن. ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇن، يات جىنسلىق دوستلىرىڭىز بىلەن ئالاقىڭىز لايىقىدا بولسۇن، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن، سۆيگىنىڭىزنىڭ يېغىرىغا تەگمەڭ.

مەخپىي ئەسلەتمە: ئۆزىڭىزنىڭ جەزىبىسىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇڭ، شۇ چاغدىلا ئۇ ئاندىن سىزگە تېخىمۇ كۆڭۈل قويىدىغان، شۇنداقلا سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولىدۇ. ئۆزىڭىز تىرىشمىسىڭىز ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىمەك بەك مۇشكۈل.

## مۇھەببەتتە ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ئىشلار

ئەرلەر ئۆز ماشىنىسىغا «كىچىك خوتۇن» دىنىمۇ بەك ئامراق كېلىدۇ، ئاياللارنىڭمۇ ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىدىن كۈنلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئىچىڭىز ھەرقانداق دەردكە تۇشۇپ كەتكەندىمۇ، ھەرگىز ئۇنىڭ ماشىنىسىنى قوشۇپ چاقچاق قىلماڭ، يەنى جېدەللىشىپ قالغاندا سىزگە مەن مۇھىممۇ، ماشىنىمۇ، دەپ ۋارقىرىماڭ؛ ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى قەستەن تىقىپ قويۇپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنى يالۋۇرتىدىغان ئىشنىمۇ قىلماڭ؛ تېلېفوندا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىدى دېگەن گەپنى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككىڭلارنىڭ ئامراقلىق بىلەن چۈشكەن سۈرىتىڭلارنى كومپيۇتېرنىڭ باش بېتىگە كىرگۈزۈپ قويماڭ، ئىككىڭلارغۇ بىر ـ بىرىڭلارغا ناھايىتى ئامراق، ئەمما ئىككىڭلار بىللە چۈشكەن سۈرەتنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كومپيۇتېرنىڭ باش بېتىگە كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىك مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا ئازراق تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىڭ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى كومپيۇتېرنى ئالساق، بۇنداق قىلىش خىزمەتداشلار ئوتتۇرىسىدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشى ياكى ئۇنى مەسخىرىگە قويۇشى مۇمكىن، ھەتتا ئۇنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئۇنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. سىز نېمىلا دېگەن بىلەن مانا شۇنداق بىر ئەرزىمەس ئىشنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئىشلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىنى خالىمايدىغانسىز ـ ھە!

ئۇنىڭ پۇلىغا بەتخەجلىك قىلماڭ، بۇنى ھەرگىز ئۇنى سىناپ بېقىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى دەپ قاراپ قالماڭ. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ئۇنىڭ سىزگە ئاتاپ سوۋغا ـ سالام، تاماق، كىنو كۆرۈش، ماگىزىن ئايلىنىش قاتارلىق ئىشلارغا خەجلىگەن پۇلىنىڭ يىغىندىسى

مەلۇم ساندىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇ ئەمدى سەل كەيپسىزلىنىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بېرىش - كېلىشلەر ئاخىرى سودىغا ئايلىنىپ كەتكۇدەك بولسا، ئۇ دەرھال بۇنداق مۇناسىۋەتتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە سىزنى «ئالاقە قىلىشقا بولمايدىغان خېرىدار» قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ.

## مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزلار ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار

مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزلار ھېسسىيات جەھەتتە پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، بىرەر «يولەنچۇك» كە ئېرىشىشلا ئاسانلا خاتالىق سادىر قىلىپ قويىدۇ.

1. ھەددىدىن زىيادە ياسىنىۋېلىش. قىزلار مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە ئۆزىنى تەبىئىي، مەردانە، مۇلايىم تۇتۇشى كېرەك. باشقىلارنى جەلپ قىلىمەن دەپ ھەددىدىن زىيادە ياسىنىۋالسىڭىز، قارشى تەرەپكە «تازا بىر ياسانچۇقمۇ نېمە...» دېگەندەك ئەكس تەسىر بېرىپ قويىسىز.

2. دائىم قېنىق گىرىم قىلىۋېلىش. ئەمەلىيەتتە ئەرلەر تەبىئىي چىرايىنى ياخشى كۆرىدۇ، قىزلار سۇس گىرىم قىلسىلا جەلپكارلىقى ئاشىدۇ. ئەكسىچە، چىرايلىق بولىمەن دەپ قېنىق گىرىم قىلىۋالغاندا، قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە سىغماي قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

3. تولا گەپ قىلىش. سۆزلىشىش چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا ئىككى تەرەپنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيدۇ. سىز قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىڭىزنى بەكرەك چۈشىنىشى ئۈچۈن دەسلەپكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى تىنماي سۆزلەپ، قارشى تەرەپكە «ۋالاقتەگكۇر ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنى بى-

لىقىكى، سۈكۈت، كەم سۆزلۈكمۇ قىزلارنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇ-رۇشنىڭ مۇھىم بولغان بىر قىسمىدۇر.

4. بەك ئاز گەپ قىلىش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا بەزى قىزلار قارشى تەرەپ گەپ قىلسا، ئارزۇ ــ ئارمانلىرىنى سۆزلىسە ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ، ئۆزى بولسا گەپ قىلمايدۇ. بۇ ئېغىر بېسىقلىق قارشى تەرەپكە «مۆرىمەس»، «جىمغۇر»، «مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلمىغان ئوخشايدۇ» دېگەندەك يامان تەسىرلەرنى بېرىدۇ. شۇڭا، قىزلارمۇ قارشى تەرەپكە قارىتا تەشەببۇسكار بولۇشى، سوئاللارنى سوراپ تۇرۇشى، ئۆز ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئارىدىكى قاتماللىقنى تۈگەتكىلى، چۈشىنىشنى كۈچەيتكىلى، مۇ-ھەببەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

5. قارشى تەرەپ بىلەن ناھايىتى تېزلا يېقىنلىشىپ كېتىش. دەسلەپكى تونۇشقاندا ئارىلىق ساقلىماي، كۆزنى يۇمۇپ باقماي تېزلا قارشى تەرەپكە يېقىنلىشىش، ئايدىڭ كېچىلەردە بىللە سەيلە قى-لىش مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسى بولالىسىمۇ، قارشى تە-رەپ بۇنى «ئۆزىنى ماڭا تېڭىۋاتىدۇ»، «ئاران تۇرۇپتىكەن» دەپ ئويلاپ ئېشىۋېلىشى مۇمكىن. بىر بولسا سىزدىن گۇمانلىنىپ قې-لىپ ئۆز يولىغا مېڭىشى مۇمكىن. شۇڭا قارشى تەرەپكە ئاستا ــ ئاستا يېقىنلىشىش كېرەك. ئۇ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، سىز ئاستا ــ ئاستا يېقىنلاشسىڭىزمۇ سىزنى تاشلاپ كېتىپ قالمايدۇ.

6. قارشى تەرەپكە ناھايىتى تېزلا بېرىلىپ كېتىش. قارشى تە-رەپ بىلەن تونۇشۇپلا ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىش، شەنبە، يەكشەنبە بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىش، كىنو ــ تىياتىر، رېستورانلارغا بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىش، قىسقىسى قارشى تە-رەپنى قوغلاش قىزنىڭ تونۇرغا نان ياققاندەك ئاقىۋەتنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا قارشى تەرەپكە تېزلا بېرىلىپ، ئۇنى ئالدى-رىتىپ قويماسلىق كېرەك.

7. قارشى تەرەپكە بەك بالدۇر باھا بېرىۋېتىش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا قارشى تەرەپكە بەك بالدۇر باھا بېرىۋېتىش ئاسانلا كۆرۈلىدىغان خاتالىق بولۇپ، بۇ خىل باھا توغرا بولسا مۇھەببەت راۋاجلىنىدۇ. خاتا بولسا ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان مۇھەببەت يوقىلىدۇ.

8. باشقىلار بىلەن بەك بالدۇر كۆرۈشتۈرۈپ قويۇش. قارشى تەرەپنى دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ھەتتا ئاتا - ئانىسى بىلەن بەك بالدۇر كۆرۈشتۈرۈش. بۇ ئەھۋال قارشى تەرەپكە سىزنى «ھاياسىز، دامكەش، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

9. كۆندەشلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا قارشى تەرەپنىڭ سىز بىلەن بىرگە بولمىغانلىقى ياكى باشقا بىرى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆندەشلىك دەپ بىلمەڭ.



10. تەسەۋۋۇردىكى مۇھەببەت بىلەن رېئاللىق بىر - بىرىگە ماس كەلمەسلىك. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا ئەڭ ياخشىسى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى چىڭ تۇتۇش، تەسەۋۋۇردىكى مۇھەببەت، كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىشلار ۋە خىياللارنى ئويلىماسلىق كېرەك.

11. ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا قارشى تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىشنى، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈشنى تولا ئويلاپ خۇدىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. بۇنداق بولغاندا قارشى تەرەپ سىزنىڭ مەپتۇنكارلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

12. قارشى تەرەپنى خۇشال قىلىمەن دەپ زورۇقۇپ كېتىش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا قارشى تەرەپكە ياخشى كۆرۈنىمەن، چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئېرىشىمەن، دەپ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرىش، تامىقىنى ئېتىپ بېرىش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ.

13. قەستەن ياسالمىلىق قىلىش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا سىز

ھەقىقەتەن قارشى تەرەپ بىلەن كۆرۈشۈش، سەيلە قىلىش، بىللە تاماق يېيىش، سۆزلىشىش ئىستىكىدە بولسىڭىز ھەرگىز ھاكاۋۇر-لۇق، ياسالمىلىق قىلماڭ. قانچە تەبىئىي بولسىڭىز شۇنچە ياخشى، چۈنكى ئەركە - نايناق، ئۆزىنى دۇنيادا بىر دەپ چاغلايدىغان قىزلار ئەرلەرنى بىزار قىلىدۇ.

14. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش. مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا پۈتۈن ئۈچرىشىش ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ پىكرى بويىچە بولۇ-شىنى ئويلىماڭ، قارشى تەرەپنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىڭ.

15. قارشى تەرەپنىڭ پۇلىغىلا كۆڭۈل بۆلۈش. مۇھەببەت ئىن-سانىنىڭ يۈرىكىدىكى ھېس - تۇيغۇ، ئۇ پۇل ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ. شۇڭا مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا قارشى تەرەپنىڭ پۇلىنىلا كۆزلىمەس-لىك كېرەك، مال - دۇنيانى كۆزلىگەن كىشىگە قارشى تەرەپ سە-مىمىي بولمايدۇ.



## قايسى خىل مۇھەببەت ئىشەنچسىز بولىدۇ

1. بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇشقان مۇھەببەتتە خۇشاللىق بىلەن قايغۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قېلىش مۇھەببەتتىكى بىر خىل مۆ-جىزە. تونۇشۇش، تاللاش ۋە تەلەپ قويۇشنىڭ بىرىكمىسى، شۇنداقلا «مۇھەببەت ئىلھامى» نىڭ تۇيۇقسىز پارتلىشى. بىراق، مۇھەببەتنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى يوشۇرۇن ھالەتتىكى مۇھەب-بەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ھەر ئىككى تە-رەپنىڭ پىسخىكىسى ۋە ئىرادىسىدىكى بىرلىكنى ئىپادىلەيدۇ. لې-كىن، ئاشىق بولغۇچى بەلكىم ھېچقانداق ئىدىيەۋى تەييارلىقتا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن ياكى كۆپ قېتىم تەسەۋۋۇر قىلىپ بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولۇشىمۇ مۇم-كىن.

بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇشقا كىشىلەرنىڭ بەرگەن باھالىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ھاياتتا بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇشنى توغرا ئەمەس دەپ قارايدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار مۇنداق قارايدۇ:

(1) بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇشتا مۇھەببەتنىڭ ئەڭ توپ ئاساسى بولغان ئۆزئارا تولۇق چۈشىنىش، قەلبىنى بىر ـ بىرىگە تۇتۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭ دائىرىلىكى كەمچىل. قارشى تەرەپنى بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىدىيەسى، خىزمىتى، ئۆگىنىشى، خاراكتېرى، مىجەزى، قىزىقىشى قاتارلىقلارنى تېخى تولۇق چۈشىنىلمىگەن ئەھۋالدا ئالدىراپ مۇھەببەتلەشكەندە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بەختلىك بولۇشى ناتايىن.

(2) بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىكتىكى مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ مۇھەببەت پسىخىكىسى تەرەققىياتىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ. مۇھەببەتلىشىش جەريانى ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانى، بەك ئالدىراپ كەتكەندە مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

(3) بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئەقىل ـ ئىدراكىغا قوماندانلىق قىلغانلىقتىن، قارشى تەرەپنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇق كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ.

تۇرمۇشتا بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغانلارنىڭ مۇھەببىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلار كۆپ، بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش سەۋەبىدىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

2. تەرسا كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيدۇ.

ئادەمدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەرسالىق بولىدۇ، مەلۇم بىر ئىش تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، شۇ چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن باتۇرلۇق كۆرسىتىلىدۇ، بۇ خىل پسىخىكا مۇھەببەتلىشىشتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ توسالغۇ تو-

گىسە بۇ خىل مەردانىلىكمۇ ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىدۇ. بۇ خىل پىسخىكا مۇھەببەتتە ئىپادىلەنسە تۇيغۇسى سۇسلاشقاندا، قىزنىڭمۇ قالمىغاندا ئوخشاش پىسخىكا بىلەن مۇھەببەتنى نابۇت قىلىدۇ. شۇڭا، تەرسا كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىشەنچسىز بولىدۇ.

3. قارشى تەرەپتىن كۈچلۈك بولۇش مۇھەببەتنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆمگەن قەلب سەزگۈر ۋە نازۇك بولىدۇ. ئورنى، بىلىمى، ئىقتىسادى قاتارلىق جەھەتلەردە قارشى تەرەپتىن كېيىن تۇرىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەب-تىن كېلىپ چىقىدىغان روھىي بېسىم بەك ئېغىر بولۇپ كەتسە مۇناسىۋەت ئاسانلا يىرىكلىشىپ قالىدۇ ـ دە، مۇھەببەت مۇھەببەت بولماي قالىدۇ. مۇھەببەت ئىككى تەرەپنىڭ روھىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىگە موھتاج. شۇڭا قارشى تەرەپتىن كۈچلۈك بولۇش مۇھەببەتنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

4. ئۆزىنىلا ياخشى كۆرىدىغان كىشىنى سۆيۈشكە بولمايدۇ.

قەدىمكى رىم پەيلاسوپى پىلاتون: «سۆيگىنىڭىزنىڭ ھېچبولمى-غاندا قەلبىدە نۇقسان بولماسلىقى كېرەك، ئەگەر جىسمانىي جە-ھەتتە يېتەرسىزلىكى بولسا بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس» دېگەن.

ئۆز ـ ئۆزىنى كەچۈرۈشكە ماھىر بولۇش، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھۇ-زۇرلىنىش، پەقەت ئۆزىنىلا ھۆرمەتلەش، باشقىلارنى ئارتۇقچە ئە-يىبلەش... قاتارلىقلار ئۆز ـ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ خىل ئادەملەر بىلەن ئۇزاق مەزگىل بىرگە بولماقچى بولسىڭىز، سىزنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىڭىز ئۇنىڭ بى-لەن ئوخشاش بولۇشى، ياخشى ـ يامانغا بولغان ھېسسىياتىڭىز ئۇ-نىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇشى، ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز، قىزىقىدى-غىنىڭىز ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇشى... كېرەك. سىز مۇشۇنداق قىلالىشىڭىزمۇ ئۇنى رازى قىلالىشىڭىز ناتايىن، شۇڭا ئۆزىنىلا ياخ-شى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىشەنچسىز بولىدۇ.

5. ئاشىق بولغۇچىلار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك.

ئاشىقلىق ــ لامپۇچكىنىڭ سۇدىكى شولىسى، قەغەزگە سىزىلغان ئۆي ـ ئىمارەت؛ خىيالىي سۆيگۈ ــ چېكى يوق بىر يول، سىز ئۇ يولغا ماڭماسلىقىڭىز كېرەك. مەن ئاشىق بولدۇم دەپ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالماي، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى بېغىشلىسىڭىز، ئاخىرى بېرىپ زىيان تارتىدىغىنى سىز بولىسىز. شۇڭا ئاشىق بولدۇم دەپ ئالدىراپ ئۆزىنى بېغىشلىۋەتكەن مۇھەببەت ئىشەنچسىز بولىدۇ.

## مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ

مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ چىرايلىق تەرىپىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇراتتىڭىز، ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىڭىزنى كىيەتتىڭىز، چېچىڭىزنىڭ قانداق پوسۇندا بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا شۇ پوسۇندا ياساتاتتىڭىز، ئۇ نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى يەيتتىڭىز، تاكسىغا چىقايلى دېسە، ئەرزانراق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرايلى دەپ تۇرۇۋالاتتىڭىز، بەتخەجلىك قىلىشنى خالىمايتتىڭىز، ئاتا ـ ئانىسى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتىڭىز...



توي قىلىش بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئىككىسى ئىككى ئىش. ئۇمۇ، سىزمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىسىز، بۇرۇن بىر ـ بىرىڭلارغا رەڭلىك كۆزئەينەك ئاستىدىن قارىغان بولساڭلار، توي قىلغاندىن كېيىن لوپا ئەينەكتىن قارايدىغان بولىسىلەر، بۇرۇن ئەڭ چىرايلىق تەرەپىنىلا كۆرسەتكەن بولسىڭىز، ئەمدى بۇ سەل تەسكە توختايدىغان بولىدۇ.

لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۆزىڭىزنى يەنىلا ئېرىڭىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆيگۈنى دەپ قاراپ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان چاچ پوسۇنىنى لايىھەلەڭ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان رەڭدىكى كىيىملەر-

نى كېيىڭ.

ئىكاھ بىر جۈپ ئاياغقا ئوخشايدۇ، پۇتىڭىزغا كىيگەندىن كېيىنلا ئاندىن ماس كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىسىز. ئېرىڭىز ياخشى كۆرىدىغان «ئەندىزە» بويىچە بىر جۈپ نىكاھ ئايىغىنى تىكتۈرۈڭ، ئاياغ بوغقۇچىنىڭ چىڭ ياكى بوشلۇقى پۇتۇنلەي سىزنىڭ قولىڭىزدا.

ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇتى «تەرلەپ تۇرىدۇ»، «نىكاھ ئاىغى» تىكتۈرگەن چېغىڭىزدا يۇزلۇكىگە چوقۇم بىر نەچچە كىچىك تۆشۈكچە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، شۇندىلا ئېرىڭىزنىڭ پۇتى تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ سالقىن تۇرىدۇ.

چىن مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى، ئىنسان ئۆزىنى ئۇنتۇپ، باشقا بىر «مەن» گە سىڭىپ كېتىدۇ، ئۇنتۇلۇش ۋە سىڭىپ كېتىش جەريانىدا ئۇ ئۆزى تەبىئىي ھالەتتىنى بايقايدۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تېپىۋالىدۇ.



## ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تاللىغاندا

ئەي قىز، سىز شۇنى چۈشىنىڭكى، ئەتراپىڭىزدىكى بەزى يىگىتلەر پەقەت ئادەتتىكىدەك ئارىلىشىشقا ۋە دوست بولۇشقىلا لايىق بولۇپ، توي قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

تۆۋەندە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللاشقا ئەرزىمەيدىغان بەش خىل يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

A. ئېغىزىدا دائىم سىزنى ياخشى كۆرىمەن دەيدىغان، ئەمما سىزنى ئەمرىگە ئېلىشقا ۋەدە بېرەلمەيدىغان يىگىتلەر

B. باغرى تاش يىگىتلەر

C. قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قاچىدىغان يىگىتلەر

D. ئاغزىدىلا گېپى بار، ئەمەلىيىتى يوق يىگىتلەر

E. ۋاپاسىز يىگىتلەر

ئەگەر تاللاپ قالسىڭىز، نەتىجىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ...

A خىلدىكى يىگىتنى تاللىغان بولسىڭىز: سىلەر ئارىلىشىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، سىز بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىسا، بۇ ئۇنىڭ تېخى سىزنى ئۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئىدىيەسىدە يەنىلا داۋالغۇش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇنداق يىگىتلەردىن بەك ئۈمىد كۈتۈشكە، ئۇلارنى ساقلاشقا ئەرزىمەيدۇ.

B خىلدىكى يىگىتنى تاللىغان بولسىڭىز: كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ياكى سىزنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى تاپماق ئانچە تەس ئەمەس. ئەمما ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشىدىغان، بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھنى تېپىش ناھايىتى قىيىن. باغرى تاش يىگىتلەرنىڭ سىزگە كۆڭلى چۈشكەن ھامان ئۇلار ھەرقانداق توسالغۇلارغا قارىماي سىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، سىزدىن كۆڭلى قالغان ۋاقىتتىمۇ ئوخشاشلا قىلچە ئىككىلەنمەيلا سىزنى تاشلىۋېتىدۇ، ئۇلار ئىشنى كەسكىن قىلىدۇ، ئەمما ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايدۇ. بۇنداق يىگىتلەرنى ئۆزىڭىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىسىڭىز سىزدە مەڭگۈ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولمايدۇ.

C خىلدىكى يىگىتنى تاللىغان بولسىڭىز: يىگىتلەردە چوقۇم قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. بەزى يىگىتلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن قاچىدۇ، بۇ بىر خىل شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى. يىگىتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ يىگىت ھەقىقىي ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدۇ.

D خىلدىكى يىگىتنى تاللىغان بولسىڭىز: ئادەملەرنىڭ قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەمما ئىشنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ قىلغاندىلا، ئاندىن بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ. كىشى-

لىنىڭ تۇرمۇش مۇساپىسى ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە، ئۇنى ئۆزگەرتىـ-مەن دەيدىكەنسىز، داۋاملىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سىز كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزدا سىز بىلەن تەڭ كۈرەش قىلالايدىغان بىر يىگىتنى تېپىشىڭىز كېرەك. ئېغىزىدىلا گېپى بار، ئەمما ئەمەلىـ-يىتى يوق يىگىتلەر ئائىلە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

E خىلدىكى يىگىتنى تاللىغان بولسىڭىز: ئاتا - ئانىسىغا كۆ-يۈنمەيدىغان يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، خوتۇن - بالىلىرىغا كۆيۈنۈشى ناتايىن. بۇنداق يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەخسىيەت-چى، توڭ كېلىدۇ. مۇھەببەت بىلەن قېرىنداشلىق مېھىر - شەپ-قەت، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئىللىق، شۇنداقلا ئەڭ سەممىي ھېسسىياتتۇر. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىغان يىگىتتە بۇ خىل ھېسسىيات كەمچىل بولسا، ئۇنداقتا ئۇ-نىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈش ناھايىتى خەتەرلىك.



## قايسى يىگىتنى تاللايسىز

ئەي قىز، ئەگەر سىز شۇنداق پۇرسەت كېلىپ بەش يىگىتتىن بىرنى تاللاش پۇرسىتى كەلسە قايسىنى تاللايسىز؟ شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك سادىق، سىزنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن مىجەزى ھەر خىل. قې-نى تاللاشنى باشلاڭ!

بىرىنچى يىگىت ــ شۇنچىلىك ئېغىر بېسىق، سىز نېمە دې-سىڭىز ماقۇل دەيدۇ، سىزنى قەتئىي خاپا قىلىشنى خالىمايدۇ، ئىنتايىن ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسىڭىز، سىزگە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىشىدە گەپ يوق.

ئىككىنچى يىگىت ــ شۇنچىلىك باي. ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ئالدىراش. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي

قىلسىڭىز، سىزنى باشقۇرۇپ يۈرىدىغانغا ۋاقتى يوق، ئۆزىڭىز نىيەمنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىسىز، ئۆي ئىشلىرىنىمۇ ئۆي خىزمەتچىلىرى قىلىدۇ، ئولتۇرۇشىڭىز ئېسىل داچا، ئېسىل ماشىنا، كىيىشلىرىڭىز ئېسىل كىيىم، تاقاشلىرىڭىز قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەت بولىدۇ.

ئۈچىنچى يىگىت — شۇنچىلىك كېلىشكەن، كىيىم - كېچەكنى بولدى دېمەيلا قويۇڭ، خۇددى كىنو چولپانلىرىدەك ياراشتۇرۇپ كىيىدۇ. چاچ پاسونىمۇ شۇنداق چىرايلىق، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر سورۇنغا بارسىڭىز پۈتۈن قىزلار سىلەرگە ھەۋەس قىلىپ قاراپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ سىزنى تاتلىق بىرنى سۆيۈپ قويىدىغان بولسا شۇ زامان بارلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكىڭىز كېلىدۇ، ئۇ ئوغۇل شۇنداق پوچى ھېچكىمگە ئۆزىنى تەڭ قىلمايدۇ.

تۆتىنچى يىگىت — شۇنداق بىر ئوغۇلكى، قەھرىمۇ، زەھىرىمۇ بار، خۇشاللىقى تۇتسا سىزگە قىلىپ بەرمىگەن ئىشى قالمايدۇ، ھەرقانچە ئورۇنسىز تەلەپلەرگىمۇ قوشۇلىدۇ، قىسقىسى سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ؛ ئاچچىقى كەلسە، بولدى سارائىنىڭ ئۆزى، ئادەم بار - يوق دېمەي ئاممىۋى سورۇن، چوڭ كوچىلاردىمۇ سىزنى ئۇرۇپ كېتىشتىن يانمايدۇ.

بەشىنچى يىگىت — پۇل تېپىشقا شۇنداق ماھىر. سىز ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋاقىتتا سىزگە پۇلنى ئايىماي خەجلەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا كۆڭلىڭىز بەكمۇ رومانتىك. ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسىڭىز، سىزدىن سودا - سېتىققا بەرگەن پۇلنىڭمۇ ھېسابىنى بىردىنبىر ئالىدۇ. تاپقان پۇللىرىنى كەلگۈسىدە بالىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىمەن دەپ توخۇ تۇخۇمىنى يىغقاندەك يىغىدۇ.

قېنى، گۈزەل قىزچاق، سىز بۇ بەش يىگىتنىڭ قايسىنى ئۆزىڭىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللايسىز؟ سىز شۇنى ئۇنتۇماڭكى، بۇ بەش يىگىتنىڭ ھەممىسى سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ.

## تۇرمۇش قۇرۇشتىن بۇرۇن بىلىشكە تېگىشلىك بەش مىزان

1. مۇھەببەت ـــ بىر ئۆمۈر مۇكەممەللەشتۈرۈشكە موھتاج سەنئەت. نىكاھ ئىككى ئادەمنىڭ ئىشى، شۇڭا ئىككى ئادەمنىڭ ئورتاق تىرىشىپ قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەمراھىڭىز بالىڭىزدىنمۇ مۇھىم، ھەمراھىڭىزنى بەختلىك قىلىش نىكاھلىق تۇرمۇشىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيەت. چۈنكى، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كېتىدۇ.

2. بىزدە ئىككى قۇلاق بار، ئەمما ئېغىز پەقەت بىر. شۇڭا، بىز باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاپ، ئورۇنسىز گەپلەرنى ئازراق قىلغىنىمىز تۈزۈك.

3. مۇرەسسە قىلىش ۋە قايىل بولۇشنى ئۆگىنىڭ. ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولمايدۇ. ئەر ـ خوتۇنلۇقتا قارشى تەرەپنى ئەڭ ئازابلايدىغان سۆز مۇنداق: سەن بىلەن بىللە ياشاپ زىيان تارتتىم، چۈنكى سەن ماڭا ماس كەلمەيسەن.

4. ئەر ـ خوتۇننىڭ قىزىرىشىپ قېلىشى يامان ئىش ئەمەس. نۇرغۇن ئادەم ئامراق ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا «سەن ـ پەن» دېيىشىپ قالىدىغان ئىشلار بولماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئازراقلا جېدەل چىقسا، ئۇلار نىكاھىمىز كرىزىسقا يۈزلەندى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، «سەن ـ پەن» دېيىشىپ قېلىش ئىختىلاپتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل شەكىل، خالاس.

5. مۇنداق تۆت جۈملە سۆزنى ئۆزىڭىزگە ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ: بىرى، ئۆيىڭىزدىكىلەرگە دوستلىرىڭىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭ، دوستلىرىڭىزغا ئۆيىڭىزدىكىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭ؛ ئىككىنچى، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى يوق، شۇڭا جورىڭىز تۆلىگەن بەدەلگە

رەھمەت ئېيتىڭ؛ ئۈچىنچى، جورىڭىزنى «سارالڭ» دەپ تىللىماڭ؛ تۆتىنچى، ھەمراھىڭىزنىڭ «كەمچىلىكى» نى باشقىلارنىڭ «ئارتۇقچىلىقى» بىلەن سېلىشتۇرماڭ.

## سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ قويۇڭ

شارپا — سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن.
گۈل — قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ساقلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.
كىتاب — ئىنتايىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن.
كۈنلۈك — مەن ھەرقانداق چاغدا سىزنى قوغدايمەن.
چاچ قىسقۇچ — مەن سىزنىڭ نەتىجە قازىنالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.
ئەينەك — مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
زەنجىر — قېشىمدا تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.
ئاچقۇچ، يانفون ئاسقۇچلىرى — سىزگە تەلەي يار بولسۇن.
ئالبوم — سۆيگۈمىزنى قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ساقلايلى.
قەلەم — سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

## قىزلار ئۆتەلمەيدىغان سىناق

بۇرۇن بىر ماگىزىن ئېچىلغانىكەن، ئاياللار بۇ ماگىزىندىن ئۆزىگە ئەر تاللىۋالسا بولىدىكەن.

كىرىش ئېغىزىغا «بۇ ماگىزىنغا كىرسىڭىز بولىدۇ» دېگەندىن باشقا، ماگىزىننىڭ تۆرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرى يېزىلىپتۇ.

1. سىز پەقەت بىر قېتىملا كىرسىڭىز بولىدۇ.

2. بۇ ماگىزىن 6 قەۋەت، قەۋەت سانى ئاشسا ئەرلەرنىڭ سۈپەتتىمۇ يۇقىرىلايدۇ.

3. سىز مەلۇم قەۋەتتىن خالىغانچە ئەر تاللىۋالسىڭىز بولىدۇ ياكى يۇقىرى ئۆرلەڭ.

4. يۇقىرىغا چىققاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈشكە بولمايدۇ.

بىر قىز بۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن ماگىزىنغا كىرىپ ئۆزىگە ھەمراھ تاپماقچى بوپتۇ - دە، ماگىزىنغا كىرىپتۇ. قىز 1 - قەۋەتتىكى ئەرلەرنىڭ «خىزمىتى بار ئەرلەر» ئىكەنلىكىنى ئوقۇپ، دەرھال 2 - قەۋەتكە مېڭىپتۇ. 2 - قەۋەتتىكى ئەرلەرنىڭمۇ «خىزمىتى بار ھەمدە بالىنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەر» ئىكەنلىكىنى ئوقۇپ، دەرھال 3 - قەۋەتكە قاراپ مېڭىپتۇ. 3 - قەۋەتتىكى ئەرلەرنىڭمۇ «خىزمىتى بارلىقى، بالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئىنتايىن كېلىشكەن» لىكىنى ئوقۇپ، ئۇ قىز «ئەجەب ياخشى» دەپ ئويلاپتۇ. بىراق يەنىلا 4 - قەۋەتكە چىققۇسى كېلىپ مېڭىپتۇ. 4 - قەۋەتكە چىقىپ 4 - قەۋەتتىكى ئەرلەرنىڭمۇ «خىزمىتى بارلىقىنى، بالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئىنتايىن كېلىشكەنلىكىنى، ئائىلىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان» لىقىنى ئوقۇپ، «ئەجەب ياخشى بولدى، مېنىڭ ئىزدىگىنىمنىڭ ئۆزىكەن» دەپ ئويلاپتۇ - يۇ، تۇرۇپ كېتىپ، 5 - قەۋەتكە قاراپ مېڭىپتۇ. قىز 5 - قەۋەتتىكى ئەرلەرنىڭ «خىزمىتى بارلىقى، بالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئىنتايىن كېلىشكەنلىكى، ئائىلىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئىنتايىن رومانتىك ئىكەنلىكى» نى ئوقۇپ، بۇ قەۋەتتىن بىر ئەر تاللاپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلماقچى بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ قىز يەنىلا چىدىماي، 6 - قەۋەتكە مېڭىپتۇ.

ئالدىدىكى بەش قەۋەتلەردە كۆرگەن ئەرلەردىنمۇ ياخشىراق ئەر تېپىش ئارزۇسىدا 6 - قەۋەتكە چىققان قىز مۇنداق بىر مەزمۇننى كۆرۈپتۇ: «سىز 314560 - بولۇپ بۇ يەرگە چىققان قىز، بۇ قەۋەتتە ئەرلەر يوق، قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا رەھمەت.»

## قىزلار سورىسا بولمايدىغان سوئاللار

يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئۆز خىياللىرىغا بۆسۈپ كىرىشىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ ھەمدە قىزلارنى رەنجىتىشنىمۇ خالىمايدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاب بەرسە تېخى، جاۋاب بەرمىسە تېخى، يىگىتلەر ناھايىتى ئو-سال ئەھۋالدا قالىدۇ. شۇڭا قىزلار بۇ سوئالنى سوراپ ئۆزىنى رەنجىتكىچە، يىگىتلەرنىڭ ئەركىن خىيالىغا دەخلە قىلمىغىنى ياخشى. بۇ سوئال «بۈگۈن نېمە كۈن ئېكەنلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟»

بۇ سوئال چوقۇم يىگىتىڭىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدۇ، شۇ-نىڭ بىلەن ئۇ: بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ تونۇشقان كۈنى بولغىيمىدى؟ تۇنجى كۆرۈشكەن كۈنىمىز بولغىيمىدى؟ ۋە ياكى... دېگەندەكلەرنى ئويلاۋېرىپ، ئۆز - ئۆزىدىن «شۇنچە مۇھىم كۈننى ئۇنتۇلۇپ قال-غىنىمنى، ئەمدىزە ئۇ تازا كايىدىغان بولدى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىكى مۇھەببەتنى قەدىرلىمەيدىكەنسىز دەرمۇ تېخى» دەپ سوراشقا باشلايدۇ. يەنە بەزى قىزلار تېخى مۇنداق سوئالنىڭ ئارقى-دىنلا مۇنداق سورايدۇ: «ئۇ كۈنى مېنىڭ نېمە كىيگەنلىكىم ئېسى-ڭىزدىمۇ؟» مۇنداق سوراش تېخىمۇ چاتاق. قىزلار، سىزلەرگە ئېيىتىپ قويايكى، ئوغۇللار سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ ئۇ-زۇكسىز تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئاللىقاندا-ق تۇر ئۇ كۈن، بۇ كۈن دېگەنلەرنى ئېسىدە ساقلاپ يۈرمەيدۇ.

«ئۇ قىز چىرايلىقمىكەن؟» ئوغۇللار بۇ سوئالدىن بەك قورقى-دۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايانكى، سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن «ئۇ قىز مەندىن چىرايلىقمىكەن؟» دەپ سورىغىنىڭىز-دۇر. يىگىتلەر يالغان سۆزلىسە چېنىپ قېلىشتىن، راستىنى دېسە سىزلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىدۇ. شۇڭا ئامالسىز «سۆيۈملۈكۈم، مۇنداق ئەخمىقانە سوئاللارنى سوراپ نېمە قىلىسىز، مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت سىزلا بار» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

147

«كەلگۈسىمىز توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟» بۇ قىسقىغىنە سوئالدىن يىگىتنىڭ «مۇناسىۋىتىمىز پىشىپ يېتىلىپ قالغانمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ ھەمدە «قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىمىز؟ تېزراق ئوچۇق ۋەدە بەرمەمسىز؟» دەپ سورىغاندەك تۇيۇلىدۇ ـ دە، ناھايىتى زور بېسىم ھېس قىلىپ، توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈشنى ئويلايدۇ، بىردىنلا ئۆزىنى بىراقلا چوڭ بولۇپ كەتكەندەك، زىممىسىگە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ بەك ئەنسىرەيدىغان ئىشى.

ئويلاپ باقساق، مۇنداق سوئاللار قىزلارنىڭ ئاغزىدىن ناھايىتى ئاسانلا چىقىدۇ، ئەمما ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق تېخى ئويلاشمىغان مەزگىلدە مۇنداق سوئاللار سورالسا، ئوغۇللارغا ئەكسىچە تەسىر بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، قىزلار يىگىتلىرىدىن سوئال سورىغاندا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك.



## ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى بەختلىك دەپ قارامسىز

قىز ـ ئاياللار ئۆزىنى بەختلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ھەرقانداق بىر قىز ـ ئايال كۆڭلىدىكى ئادىمى بىلەن مەڭگۈ بەختلىك بولۇشنى ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە سىزنى سۆيىدىغان شۇ ئەرمۇ سىزنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئۆمۈر بەخت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ۋاقىتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان بەختى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، سىز ھېس قىلغاندىكىدەك گۈزەل، رومانتىك تۇرمۇشىڭىزدىن بارا ـ بارا يىراقلىشىشقا باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا نۇرغۇن ئاياللار چۈشكۈنلىشىدۇ. ئېرىدىن، تۇرمۇشىدىن زارلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق زارلىنىشلار سىزگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئېرىڭىزنىڭ نارازىلىقىنى، ھەتتا ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويىسىز.

بەلكىم سىز ئائىلىڭىزنىڭ پۇتۇنلۇكى، بەختى ئۈچۈن ئېرىڭىزدىن بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانسىز. شۇ سەۋەبتىن بۇلار سىزگە ۋاقىتسىز ھارغىنلىق ئېلىپ كېلىپ، تۇرمۇشىڭىزدىن زېرىكىش ھېس قىلىۋاتقانسىز. لېكىن شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ ئېرىڭىزنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماڭ.

ئەمەلىيەتتە ئەرلەر نۇرغۇن ئىشلاردا بىپەرۋا بولۇپ، ئاياللاردەك چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئەڭ مۇھىمى، سىز ئۆزىڭىزدىكى بەختنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ. ئائىلىڭىزدىكى كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلاپ، ئۆزىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ.

بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە بېرىدىغىنى چەكلىك بولىدۇ، شۇڭا ئاياللار ئامال بار ئېرىدىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. ئېرىڭىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىڭىز قانچىكى كۆپ بولغانسېرى، ئۇ ئائىلىدىن بىزار بولۇشقا باشلايدۇ، ھەتتا سىرتقا قاراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت بەخت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك خۇشال تۇتۇڭ.

## كېلىن - قېيىنئانا مۇناسىۋىتىدە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر

**كېلىن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

قېيىنئانىسىنى ھۆرمەتلەش، قېيىنئانىسىنى ئۆز ئانىسىدەك كۆرۈش. كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ بولۇش، ئۇششاق - چۈششەك ئىش ئۈچۈن يۈزتۇرانە ئېيتىشماسلىق.

تۇرمۇشتا ئېتىبار بېرىش، روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىش، دائىم قېيىنئانىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرۈش، لېكىن ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش لازىم. گەپ تالاشماسلىق، قولۇم - قوشنىلار ئالدىدا قې-

149

يىنىئانىسى بىلەن گەپ تالاشماسلىق ۋە قېيىنئانىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىق. ئائىلىدىكىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش. قېيىنئانىسى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ھەققىدە ئېرى بىلەن ئۆزئارا تەجربە ئالماشتۇرۇش.

### قېيىنئانا بىلۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

كېلىننى ئاسراش، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆز ـ كۆز قىلماسلىق، كېلىننى يات كۆرمەي ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئادىمى دەپ قاراش.

كېلىننىڭ ھازىرقى كۆنى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىنلىك دەۋرىنى سېلىشتۇرۇپ، كېلىننى ئەيىبلەپ يۇقىرى تەلەپ قويماسلىق. ئوغلى بىلەن كېلىننى تەڭ كۆرۇش. ئوغلى بىلەن كېلىننىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىق، كېلىننىڭ تۇغمىغانلىقى ياكى قىز تۇغقانلىقىنى كەمسىتمەسلىك. كېلىنى بىلەن ئوغلىغا ياردەملىشىپ چامى يېتىدىغان ئائىلە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش. نەۋرىلىرىگە ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە تەربىيە بېرىش. ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ، چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، كىچىك ئىشلارنى كۆڭلىدە ساقلىماسلىق. 150

### قېيىنئانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش

بۇ مەسىلە نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك مەسىلە بولۇپ، كىچىك ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، مەۋجۇتلۇقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش تولىمۇ مۇھىم. سىز ئائىلەمنى بەختلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن دەيدىكەنسىز، قېيىنئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزدە چوقۇم تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىڭ.

1. ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماڭ. يەنى پالانچىنىڭ

قېيىنئانىسى تويدا ئۇنداق قىلىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭدىن مېنىڭ نەرىم كەم، ماڭىمۇ قىلىپ بېرىشى كېرەك... دەپ قۇرۇق جېدەل قىلماڭ، قايسى ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدىن كەلسە بالىسىغا قىلىپ بەرگۈسى كەلمەيدۇ.

2. قېيىنئانىڭىزنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈڭ. بۇنداق قىلىشىڭىز ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرىشتىن باشلانسۇن. ئۆينى باشقىلار تۇتمايدۇ، سىز تۇتىسىز. باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق سورۇندا «قېيىنئانام» دېمەي «ئانام» دەپ گەپ قىلىڭ.

3. قېيىنئانىڭىزنى باشقىلارغا يامانلاپ بەرمەڭ. كىشىلىك تۇرمۇش مۇرەككەپ، چۈشىنىشمەسلىك، ئۇقۇشماسلىق، زىددىيەتلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز ھەرگىزمۇ قېيىنئانىڭىزنى ئۆيىڭىزدىكىلەرگە ۋە باشقىلارغا يامانلاپ بەرمەڭ. ئۆيىدىكىلىرىڭىزگە يامانلاپ بەرسىڭىز قۇدىلار مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىسىز. باشقىلارغا يامانلاپ بەرسىڭىز تېخىمۇ چاتاق. چۈنكى ئادەمنىڭ دوستى بولىدۇ، دۈشمىنى بولىدۇ، سىزنىڭ شۇ سۆزلىرىڭىز قېيىنئانىڭىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆز قورسىقىغا پاتمىغان سىر باشقىلارنىڭكىگە قانداقمۇ پاتسۇن؟ ئەڭ ياخشىسى مەسىلىنى ئېرىڭىز بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىش ئۇستىدە ئىزدىنىڭ.

4. يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان خانىم ـ قىزلار بايرىمىدا قېيىنئانىڭىزغا سوۋغا تەقدىم قىلىڭ. ناۋادا ئىقتىسادتا قىينالسىڭىز، بىز ئۇيغۇرلاردا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؟» دەيدىغان سۆز بار، بىر تال ئاتكرىتكىغا كۆڭۈل سۆزلىرىڭىزنى يېزىپ تەقدىم قىلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ.

5. ۋاقتىڭىز بولسىلا قولىڭىزدىن كېلىشىچە چوڭ ئۆينىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىڭ، سىزدىن ناھايىتى ئازراقلا كۈچ كېتىدۇ.

6. ئېرىڭىز ھەرقانچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىمۇ قېيىنئانىڭىز

ئالدىدا ئەيىبلىمەڭ، ئىشقا بۇيرۇماڭ. «قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دەپ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز؟!

7. «ياخشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشنى» دېگەن سۆز ھەرۋاقىت ئېسىڭىزدە بولسۇن.

## قېيىنئانىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتەي دېسىڭىز

1. قېيىنئانىڭىز ئالدىدا ئېرىڭىز بىلەن يېقىنچىلىق قىلماڭ. گەرچە سىز بۇ خىل ئالاقە ئۇسۇلىغا ئۆگىنىپ قالغان بولسىڭىز-مۇ، بىراق قېيىنئانىڭىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

2. قېيىنئانىڭىزنىڭ ئۆيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولغاندا ئېرىڭىزنىڭ رايىغا بېقىڭ، بولۇپمۇ پۇل مەسىلىسىدە بەك بېخىل-لىق قىلىپ كەتمەڭ. مەسىلەن، قېيىنئانىڭىز ئاغرىپ قالغاندا، پۇل چىقىرىپ ياردەم قىلىڭ. ئايال بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سىز ئوتتۇرىغا چىقسىڭىز، قېيىنئانىڭىز سىزگە تېخىمۇ ئامراق بولى-دۇ، ئېرىڭىز سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ.

3. قېيىنئانىڭىز ئالدىدا ئېرىڭىزنى باشقۇرماڭ. ئەگەر قېيىن-ئاتىڭىز ياكى قېيىنئانىڭىز ئۆيىڭىزگە كەلگەندە سىز ئېرىڭىزنى ئىشقا بۇيرۇسىڭىز، ئۇلار ئوغلىنى جاپا تارتىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇڭا سىز ئۇلار يوق چاغدا ئېرىڭىزنى قانداق باشقۇرسى-ڭىز مەيلى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدىدا دىققەت قىلىڭ.

4. ئۆز ئاپىڭىزغا نەرسە سېتىۋالغاندا، قېيىنئانىڭىزغىمۇ ئوخشاش سېتىۋېلىڭ. قېيىنئانىڭىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەربىر ئىشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇڭ، ئادەتتى-كى كىچىككىنە كۆيۈنۈشلەرمۇ ئۇلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

5. قېيىنئانىڭىزنىڭ «ۋاتىلداشلىرىغا» قۇلاق سېلىپ قويۇڭ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرسىڭىز ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ،

ئۆز ئاپىشىدەك كۆيۈنۈڭ، بەزى چاغلاردا ئۇ «ۋاتىلداپ» سۆزلەپ قالسىمۇ، تەڭ تۇرماي جىمجىت ئاڭلاپ قويۇڭ.

## قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ خىل خاتا قاراشتا بولماسلىقى كېرەك

بىرىنچى خىل خاتا قاراش: ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەمەس، ئۇنىڭغا ياتلىق بولدۇم دەپ قاراش.

نۇرغۇن قىزلار مۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن: مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشەنسىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەمەس، ئۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن دېگەن قاراش تۈپەيلى، بۇ نۇقتىغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق دەيدىغان قاراش شەكىللىنىپ قالغان. بۇ خىل قاراش قارىماققا تولىمۇ ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئائىلە ئادىتى بىر ئادەمنىڭ ئېڭىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان ئۆمۈرلۈك ئادەتتۇر. ئادەم كىچىكىدە شەكىللەندۈرگەن ئادەتلىرىنى ھاياتلىق داۋامىدا ئۆزگەرتەلىشى تولىمۇ تەس. شۇڭا، بىرىگە ياتلىق بولۇش ھەرگىز ئۇنىڭغىلا ياتلىق بولۇش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىدا قالدۇرغان ئىزنالىرى ۋە ئۇنىڭ بارلىقىغا ياتلىق بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

153

ئىككىنچى خىل خاتا قاراش: ئۇ ماڭا شۇنداق ئامراق، مېنى شۇ قەدەر سۆيىدۇ، شۇڭا توي قىلغاندىن كېيىن چوقۇم ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ قاراش.

ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئوخشىمىغان تەپەككۇر، ئوخشىمىغان تۇرمۇش ئادىتىگە ئىگە ئىككى ئادەم بىرگە

تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئىنچىكە مەسىلىلەردە بەزىبىر زىددىيەتلەر-نىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر. گەرچە بۇ زىددىيەتلەر تىلغا ئال-غۇچىلىكى يوق ئۇششاق ئىشلار بولسىمۇ، بىراق نىكاھنىڭ مۇس-تەھكەملىكىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىن-چىكە مەسىلىلەردە چىڭ تۇرۇۋېلىش ئۇنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىدىكى تەرسالىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بەزى خانىم ـ قىزلار بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، تۇرلۇك ئاماللارنى قوللىنىپ ئېرىنى ئۆز-گەرتمەكچى بولىدۇ ـ دە، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش باشلىنىپ، ئائىلە ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قا-لىدۇ. ئاخىردا ئىلاجسىز مەغلۇپ بولىدىغىنى يەنىلا خانىم ـ قىزلار بولىدۇ. خانىم ـ قىزلار شۇندىلا بىر ئەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاسانغا چىقىشتىنمۇ تەسلىكىنى، ئۇنى ئۆزگەرتمەن دېيىشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قى-لىش ـ قىلماسلىقى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى سۆيۈش ـ سۆيمەسلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىزنالىرى ۋە ئادەتلىرى بى-لەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشتا چوقۇم ئۇنىڭ كەلمىشىنى بىلىشىڭىز، نەزىرىڭىز-نى ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ كەلمىشىگە يەنى ئۇنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈ-شىگە قارىتىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا ئۇنىڭ تويدىن كېيىنكى ھە-رىكىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز.

ئۈچىنچى خىل خاتا قاراش: توي قىلغان ئىكەنمىز ئېرىم چو-قۇم ئائىلىمىزگىلا مەنسۇپ بولۇش كېرەك دەپ قاراش.

بىلىشىڭىز كېرەككى، ئېرىڭىز ھەرگىزمۇ خۇسۇسىي مۈلكى-ڭىز ئەمەس، ئۇ ئائىلەڭلەرگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن بىرگە ئاتا ـ ئانىسى، تۇغقانلىرى، دوستلىرىغىمۇ مەنسۇپ، شۇڭا ئۇ ئۇلارغىمۇ مېھرىنى بېرىشى كېرەك. شۇنداق بولغانىكەن سىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزمۇ ماس ھالدا ئۇلارغىمۇ بېغىشلىنىشى كېرەك. شۇڭا بىر ئەرنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى

بولغىنىڭىزدا، يالغۇز ئۇنىڭ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئائىلە، جەمئىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەنمۇ توي قىلىدىغىنىڭىزغا قارىتا روھىي تەييارلىقىڭىز بولۇشى كېرەك. بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنىڭ يۈزلەنمەكچى بولغىنىڭىز ھەرگىزمۇ يېگانە ھالدا ئېرىڭىزلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئائىلە مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسىدىكى بىر توپ كىشىلەردۇر.

# تەسىرلىك سۆيگۈ - مۇھەببەت ھېكايىلىرى

## بىر ئوچۇم قۇم ۋە ياتلىق بولۇش ئالدىدىكى قىز

ياتلىق بولۇش ئالدىدىكى قىز ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا تويدىن كېيىن مۇھەببىتىمنى قانداق قوغدىشىم كې-رەك؟

ئانىسى قىزىغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يەرگە ئېڭىشتى - دە، يەردىن بىر ئوچۇم قۇمنى ئېلىپ قىزىغا كۆرسەتتى. قۇم ئاند-سىنىڭ ئوچۇمىدا تۆكۈلمەي لىققىدە تۇراتتى. شۇ چاغدا ئانىسى ئوچۇمىدىكى قۇمنى كۈچەپ سىقتى. شۇئان قۇملار بارماقلارنىڭ ئارىسىدىن سىقىلىپ چىقىپ يەرگە چېچىلدى. ئانىسى قولىنى ئاچقاندا قولىدىكى قۇم ئاز قالغانىدى. قۇمدىمۇ بايىقى ئەركىن ھا-لەت يوقىلىپ بېسىلىپ كەتكەنىدى.

قىز ئانىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرھال چۈشەندى - دە، بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمەلىيەتتە ئانىسىنىڭ قىزىغا ئېيتماقچى بولغىنىمۇ شۇ ئىدى.

مۇھەببەتنى مەقسەتلىك ھالدا چىڭ تۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى قانچە چىڭ تۇتقانچە، ئاسانلا ئۆزىنى ۋە پىرىنسىپىنى يوقى-تىپ قويىدۇ. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ساقلاشقا تېگىشلىك ئەپۇ قى-لىش ۋە چۈشىنىش يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتمۇ قىلچە گۈزەللىكى بولمىغان شەكىلگە كىرىپ قالىدۇ.

## مۇھەببەت ۋە ئازاب

مۇھەببەت بىلەن ئازاب بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردىن بولۇپ، نەگىلا بارسا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىكەن، ئۇلار ۋايىغا يېتىپ ئىنسانلار ئارىسىغا قوشۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر مۇھەببەتنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، بىراق ئازابتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپتۇ، بۇنىڭدىن ئازابنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولۇپتۇ. بىر كۈنى ئازاب بىلەن مۇھەببەت بىر تويغا بارماقچى بولۇپتۇ، ئازاب مۇھەببەتكە: «نەگىلا بارساق كىشىلەر سېنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ماڭا بولسا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇگۈن سەن ماڭا چىرايىڭنى بېرىپ تۇرساڭ!» دەپتۇ.

مۇھەببەت ئىككىلەنمەيلا چىرايىنى بېرىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما تويدىن كەلگەندىن كېيىن، ئازاب مۇھەببەتنىڭ چىرايىنى قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر مۇھەببەت بىلەن ئازابنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت دەپ قىلغان ئەقىدىسى ئازابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئەكسىچە، قەلبى دۇنيانىڭ غەم ـ قايغۇسى بىلەن تولغاندا بولسا مۇھەببەت ئۆزىنىڭ ئىللىقلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىكەن. ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ كىشىلەر مۇھەببەتلەشكەندە چىرايىغا قاراپلا ئۆزىگە بىر تالاي ئازابلارنى تېپىۋالىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر مۇھەببەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ چىرايىغا ئەمەس قەلبىگە سىنچىلاپ قارايدۇ، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي مۇھەببەتنى بايقىۋالالايدۇ. چىراي گۈزەللىكى بىر نىقاب، قەلب گۈزەللىكى بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەتلىك دۇنيادۇر!

## يېگانە قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر قىز مۇھەببەتتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئورمانلىقتا كېتىپ بېرىپ ئىككى بۇلبۇل چۇجىسىنى تېپىۋالدى، ئۇ بۇ ئىككى بۇلبۇل چۇجىسىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ قەپەسكە سولاپ، كۆڭۈل قويۇپ باقتى، قىزنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ ئىككى بۇلبۇل چۇجىسى تېز چوڭ بولدى. ھەر كۈنى سەھەردە ئۇلار قىزغا ناھايىتى يېقىملىق ئاھاڭلاردا سايراپ بېرەتتى. قىزمۇ بارغانسېرى بۇ بۇلبۇللارغا ئىچەركىپ كەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئۆزىگە مۇشۇنداق يېقىملىق سايراپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىر كۈنى قىز بۇلبۇللارنى ئۆزىگە كۆنۈپ قالدى دەپ ئويلاپ قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، بۇلبۇلنىڭ سەل قاۋۇلراقى قەپەستىن ئۇچۇپ چىقتى، قىز بۇنى كۆرۈپ تەمتىرەپ كېتىپ دەررۇ بۇلبۇلنى دەرھال چاڭگاللاپ تۇتۇۋالدى. قىز ئۇ بۇلبۇلنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن، ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىدىن تەشۋىشلىنىپ، ئۇنى تەلۋىلەرچە چاڭگاللىۋالدى، يۈرىكىدە بولسا ئۇنى تۇتۇۋالغىنىدىن شادلىنىۋاتاتتى. توساتتىنلا قىز بۇلبۇلنىڭ جىمىپ قالغىنىنى سەزدى، ئۇ بۇلبۇلنى چاڭگاللىغان بارماقلىرىنى ئاستا ئېچىۋىدى، بۇلبۇلنىڭ ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا ئۆلۈپ قالغىنىنى كۆردى. قىز ئۆزىنىڭ بۇلبۇلنى ياخشى كۆرگىنىدىن ئەكسىچە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. دەل شۇ چاغدا ئۇ يەنە بىر بۇلبۇلنىڭمۇ قەپەسنىڭ ئىشىكىگە ئۇچۇپ كېلىپ قونغىنىنى كۆردى. قىز بۇلبۇلنىڭ ئەركىنلىككە نەقەدەر تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، بۇلبۇل شۇ دەقىقىلەردە كۆك ئاسمانغا بويىنىنى سوزۇپ تەلمۈرۈۋاتقانىدى، ئۇ بۇلبۇلنى ئاستا ئېلىپ ھاۋاغا قويۇپ بەردى...

158

بۇلبۇل ئاسماندا بىر... ئىككى... ئۈچ قېتىملاپ چۆرگىلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. قىز بۇلبۇلنىڭ بۇ دەقىقىلەردىكى خۇشاللىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ يۈرەكلىرىمۇ ئەمدى ئۇ بۇلبۇلنى يوقىتىپ قويۇشتىن غەم يېمەيۋاتاتتى. قىز بۇلبۇلنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشىشىنى ئۇمىد قىلماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز بۇلبۇل قىزغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىككىنە قوندى ـ دە، قىز ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان يېقىملىق ئاهاڭلاردا سايراپ كەتتى...

## ئاجرىشىش ئالدىدىكى ھېسابات

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرغان بىر جۈپلەر سۆھبەتلەشتى.

ئايالنىڭ ئالغىنى....

ئايال يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئەرگە تىكىپ بايا يېزىپ تەييارلاپ قويغان قەغەزنى ئەرگە سۇندى:

ئۇستەل چىرىغى ــ مەن ئالغان؛

كىتاب جازىسى ــ مەن ئالغان؛

رەسىم رامكىسى ــ مەن ئالغان؛

سائەت ــ مەن ئالغان؛

ئورۇندۇق ــ مەن ئالغان؛

يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكىتىمەن.

ئەرنىڭ ئالغىنى...

ئەر قەغەزدىكىنى كۆردى ئىختىيارسىز كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئايالىغا سۇندى:

يوتقان ـ كۆرپە ــ ھەقسىز؛

كىيىم ئىشكاپى ــ ھەقسىز؛

چايدان ــ ھەقسىز؛

تېلېفون ــ ھەقسىز؛

سىزگە سوۋغا قىلغان كىيىملەر ــ ھەقسىز؛
سىزگە سوۋغا قىلغان گۈللەر ــ ھەقسىز؛
سىزگە يازغان 200 پارچە خەت ــ ھەقسىز؛
سانسىز قېتىم ئالغىلى بېرىش، ئاپىرىپ قويۇش، قۇچاقلاش، سۆيۈش ــ ھەقسىز؛
ھەمراھ بولۇش، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىش، كۈتۈش ــ ھەقسىز؛
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھەقسىز، كۆتۈرۈپ كەتسىڭىز بولىدۇ، سىزگە خۇشاللىقتا، خاپىلىقتا بىرگە بولغىنىممۇ ــ ھەقسىز؛
ھەممىسىنى قوشۇپ كەلسەك، سىزگە بولغان چىن مۇھەببىتىممۇ ــ ھەقسىز؛
بىزنىڭ...
ئايالنىڭ ئەمدىلا توختىغان ياشلىرى قايتىدىن تاشتى. ئۇ بۇرنىنى تارتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەرگە قارىدى:
ــ شۇڭا يازغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئەكېتىمەن، سىزنىمۇ... سىزنىمۇ قوشۇپ ئەكېتىمەن.
ئەر گەپ قىلماستىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئايالنى باغرىغا باستى، خۇشاللىقتىن قىن ــ قىنىغا پاتماي:
ــ مېنى ئەكېتىڭ، پۈتۈن ھاياتىم سىزگە مەنسۇپ بولسۇن، ــ دېدى.
شۇنداق، مۇھەببەتنى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئاغرىنىشلىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ بىر ــ بىرىمىزنى مەھكەم قۇچاقلىساقلا مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەت.

## ئازاب ۋە سۆيگۈ

مەن ئانچە يىراق بولمىغان كۆل بويىغا كەلدىم، كۆلنىڭ مەنزىرىسى شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى. سۇغا چۈشكەن قۇياش نۇرى

سۇس شامالدا يېنىنك تەۋرىنىۋاتقان سۇ بىلەن تەڭ چايقىلىپ خۇددى كىچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك جىمىرلايتتى.

قىرغاقتىكى مەجنۇنتاللار ئېگىلىپ كۆلگە سايە تاشلاپ تۇراتتى.

— كاككۇك، كاككۇك!

بىردىنلا كاككۇك سايراپ كەتتى. شۇ ھامان كىملەردىندۇر ئاڭلىۋالغان كاككۇك قونغان دەرەخنى كاككۇكقا سەزدۇرمەي ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ تىلىكىنى ئېيتسا مۇرادىغا يېتىدۇ، دېگەن سۆزلەر ئېسىمگە كەلدى. گەرچە بۇنداق قىلىشنىڭ ئاجايىپ بىر مۆجىزە يارىتالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسەممۇ، يەنىلا ئاستا دەرەخنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن؟ كاككۇكمۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ بۇ گەپنى كىم توقۇغان بولغىيتتى، يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشىنىمىز - ھە! مەن ساناپ تۇرۇپ دەرەخنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ توختىدىم ۋە ئاستا پىچىرلىدىم:

— ئەي خۇدا، مېنىڭمۇ ئىشقىمنى ئۇنىڭ دىلىغا سال، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشىغۇم بار، — مەن تىلەكلىرىمنى دەپ بولۇپ، كاككۇكنىڭ ئۇچۇپ كەتكەن، ئۇچۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن شاخلارغا قارىدىم، ۋاي خۇدايىم، مەن نېمىلەرنى دېدىم، شاختا كاككۇك ئەمەس سەن ئولتۇراتتىڭ، مەن داڭ قېتىپ قالدىم.

سۇتتەك ئايدىڭ، بۈگۈن ئاخشام شۇنداق گۈزەلمۇ ياكى يېنىمدا سەن بولغاچقا ماڭا شۇنداق كۆرۈندىمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما شۇ ماڭا ئايانكى، بۇ گۈزەل ئاخشام ماڭا شادلىقتىن كۆپرەك قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ.

بەلكىم بۇ ئايرىلىش ئۈچۈن كۆرۈشۈشمۇ بولۇپ قالار. ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمىسۇن! مەن بۇ ئازابلىق ئويلاردىن ئۆزۈمنى شۇنچە قاچۇرساممۇ، لېكىن كۆز ئالدىمدىكى بۇ رېئاللىق مېنى

قىينىماقتا، مەن نىمە بولدۇم؟ مەن نىمە بولدۇم، سەن ئالدىمدا تۇرساڭ يەنە سىنى ئويلىغىنىم نىمىسى؟ مەن خىياللاردىن باش كۆتۈرۈپ ساڭا قارىدىم. سىنىڭمۇ ئازابقا تولغان شۇ كۆزلىرىڭ يۈرىكىمگە پىچاق سانجىلغاندەك بىر ئاغرىقنى باشلاپ كىردى. مەن بۇ ئازابلىق ئاغرىققا بەرداشلىق بىرەلمەي ئۈنسىز ئىڭراپ تاشلىدىم، يۈرىكىم ماڭا ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى، بۇگۈن ئۆتۈپ كەتسە ئۇنى يەنە قاچان كۆرەلەيسەن؟ ھەممە سۆزلىرىڭنى دەۋال، بولمىسا كىيىن پۇشايماندا قالىسەن!

مىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىم بۇ ئالەمچە ئازابنى پەقەتلا سىغدۇرالمىدىدە، ئۆزۈمنى باغرىغا تاشلىدىم.

— ئەمدى بىز ئايرىلىپ كىتەيلى، مەن سىزنى ئۇنتۇپ كىتەمەن، — بۇ سۆزلەر ئازابلىق ياشلىرىم بىلەن تەڭ ئىتىلىپ چىقتى.

شۇ چاغدا مىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب بارمۇ ـ يوق، ھەرگىز يوق. مەن شۇ ئازابقا چىداپ ساڭا ئۇنتۇش ۋەدىسى بەرگەن بولسامۇ ئەمەل قىلالمىدىم. ھەر كۈنى ئاخشىمى كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ئاپپاق بەتلىرىنى ساڭا بولغان ئوتلۇق سىغىنىشىم بىلەن بوياپ چىقىمەن، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا قەلبىمنىڭ ئاپپاق بېتىگە سىمايىڭ چىكىلگەندەك. ھەر سەھەر تۇنجى بولۇپ سەن بىلەن سالاملىشىمەن. كۈنلىرىم سەن بىلەن قەلبىمدە سىردىشىپ ئۆتىمەن.

باشقا دوستلىرىم شىرىن مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولسا، مەن خىيال دەرياسىدا سەن بىلەن ئۈزۈپ يۈردۈم، ھىجراننىڭ شۇنچىلىك ئازابلىق، سىغىنىشنىڭ شۇ قەدەر شىرىنلىكى، مىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىمنى ئاجايىپ تاۋلىدىكى، سىنى ئويلىمىغان بىرەر سىكۇنت، بىرەر دەقىقە بولسىدى، سىنى ئۇنتۇپ كىتەلىشىمگە ئىشەنگەن بولاتتىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! مەن تا ھازىرغىچە مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كوچىلىرىدا قايسى بىر ئىشىكتىن سىنى چىقار دەپ تەلمۈرۈپ يۈرمەكتىمەن. چۈشىنەمسەن؟ ھىجران ئازابى

تارتىۋاتقان ئادەم باشقىلارنىڭ ۋىسال شادلىقىنى كۆرگەندە گەرچە باشقىلار ئۈچۈن خۇش بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئازابى ھەسسىلەپ كۆپىيىدىكەن. ئاشىق ـ مەشۇقلاردا بولىدىغان تاتلىق ھېسسىيات مەندە يوق، ھەتتا شادلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ھىجران ئازابى خالاس.

رەھىمسىز رېئاللىق مېنىڭ مۇھەببەتلىك تاتلىق چۈشلەرنىڭ ئىلكىدىن چىقىشىمنى، رېئاللىققا تېزراق قايتىشىمنى كۈتمەكتە، ياق مەجبۇرلىماقتا. كىشىلەر «مۇھەببەت ئىككى يۈرەكنىڭ سوقۇلۇشىدىن چاچرىغان ئۈچقۇن» دېيىشىدۇ. مەن بۇ ھېكمەتنىڭ توغرىلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، مەن بىردىنلا ئۆز ـ ئۆزۈمنى قىيناۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بۇنداق دېسەم بەلكىم ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولار، لېكىن بۇ يۈرەك سۆزۈم. سېنى سۆيگىنىم راست، ھېلىھەم سۆيىمەن. بىراق، مەن بۇ ئاخىرى چىقمايدىغان مۇھەببەتنى ئويلاپ ئولتۇرۇۋەرسەم چېكى يوق ھىجران چۆللەردە مەڭگۈ چاڭقاپ ئۆتىدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. مۇھەببەت ئۇلۇغ، بىراق، مېنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ سېنى سېغىنىشىم ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغانلىق ئەمەسكەن. مەن ھىجران چۆلىدە تېڭىرقاپ تۇرىۋەرمەسلىكىم، ئوقۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ ياشىشىم، ياشىغاندىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ياشىشىم كېرەككەن. مەن شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىم، ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ساڭا باغلىۋالمايمەن. ھاياتنىڭ ئاپپاق بەتلىرىگە ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى تىزىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. بۇ بەلكىم مېنىڭ توغرا تاللىشىمدۇر، ئامان بول، ماڭا بەخت تىلە.

## مەخپىي نومۇردىكى مۇھەببەت

بۇ «مەخپىي نومۇردىكى مۇھەببەت» ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئىستۇدېنت قىزنىڭ ھېكايىسى. قىز ئەمدىلا ئالىي مەكتەپكە

كىرگەندە دادىسى ئۇنىڭغا بىر بانكا كارتىسى بېجىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىر مەۋسۇملۇق خىراجەتلىرىنى كارتىدا ئامانەت قويدى. مەكتەپكە مېڭىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە كارتىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە مەخپىي نومۇرنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشنى، ھەرگىزمۇ قالايمىقان خاتىرىلىمەسلىكنى، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەخپىي نومۇرنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالىدىغانلىقىنى جېكىلىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ روھىي ھالىتى كۆتۈرەڭگۈ، كۆڭلى بەكلا خۇشال بولغاچقا، دادىسىنىڭ سۆزلىرى پەقەت قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن 6000 يۈەن ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن كارتىنى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا سالدى. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ مەخپىي نومۇرنى ئەسكە ئالالمىدى. ئامالسىزلىقتىن دادىسىغا تېلېفون بېرىپ، مەخپىي نومۇرنى سورىدى. دادىسى سەۋرچانلىق بىلەن مەخپىي نومۇرنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئەستە ساقلىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، «مەخپىي نومۇر ئاناڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا جۇمۇ» دەپ ئەسكەرتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ پۇل ئالماقچى بولدى، لېكىن مەخپىي نومۇرنى يەنىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ بۇ بىر گۇرۇپپا سانلارنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە دادىسىدىن سوراشقا خىجىل بولدى، ئانىسىدىن سوراشقا تېخىمۇ خىجىل بولدى، پۇلىنى ئېلىشقا ئامالى بولمىغاچقا ساۋاقداشلىرىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ خەجلىدى. يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتقاندا دادىسى ئۇنىڭدىن پۇلنى قانداق خەجلىگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ يىغلاپ كەتتى. دادىسى ئۇنى ئەيىبلىمەستىن ھېچقىسى يوق، دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. لېكىن ئۇ بىر ئاز خاپا بولۇپ، دادىسىدىن نېمىشقا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مەخپىي نومۇر قىلمىغانلىقىنى سورىدى. دادىسى:

— سېنى قوغداش ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈنۈڭنى مەخپىي نومۇر قىلمىدىم. ئادەتتە كىشىلەر بانكا كارتىسى بىلەن كىملىكنى بىللە

ئېلىپ يۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەگەر ئىككىلىسى بىرلا ۋاقىتتا ئوغرىلانسا ئاقىۋىتىنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ، ــ دېدى.

يازلىق تەتىلدىن كېيىن قىز مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ- دىن باشلاپ ئۇ ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەستە تۇتۇۋالدى. ئا- نىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئانىسىغا چىرايلىق تەبرىك كارتىسى ئەۋەتكەنىدى، ئاتا - ئانىسى قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ يۇرتىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە ۋاپات بولغانلىق توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر كەلدى. بەخت- لىك كۈنلەر ئاخىرلاشتى. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئاتا - ئانى- سىنىڭ جەسىتى ئالدىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان نەرسە - كېرەكلەرنى رەتلەۋاتقاندا بىر ئامانەت كارتىسىنى بايقى- دى، قىزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى ئىل- گىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر كارتا بارلىقىنى، كارتىدا ئۇنىڭ تۆت يىللىق ئوقۇش ۋە تۇرمۇشىغا لازىملىق خىراجەتلىرىنىڭ ئاما- نەت قويۇلغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ بۇ پۇلنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆپ يىللىق قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. قىز كارتىنى ئېلىپ مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. كۈنلىرى يىغا - زار ئىچىدە ئۆتتى، لېكىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنى شۇنچىلىك سېغىنىسى- مۇ، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولسىمۇ يەنىلا ياشىشى كېرەك ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇ- نىڭ روھىي كەيپىياتى ئاستا - ئاستا ياخشىلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ كارتىسىدىكى پۇلنى ئىشلىتىپ بولۇپ، ئاتا - ئانىسى مىراس قال- دۇرغان كارتىنى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا سېلىپ، مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزۈش ئورنىغا ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى كىرگۈزۈۋېدى، ئېكراندا «خاتا» دېگەن ئۇچۇر كۆرۈندى. دادىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى كىرگۈزۈۋېدى، يەنىلا «خاتا» دېگەن ئۇچۇر كۆ-

رۇندى. قىز كارتىنى چىقىرىۋالدى. ئۇ بەكمۇ جىددىيلىشىپ «كار-تىنىڭ مەخپىي نومۇرى زادى قايسى سان بولغىيتى؟» دەپ ئويلىدى. ئۆيدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئاتا - ئانىسى مىراس قالدۇرغان بارلىق نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپمۇ مەخپىي نومۇرغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئۇچۇرنى بايقىمىغانىدى. ئۇ كارتىنى يەنە بىر قېتىم ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى كىرگۈزۈۋېدى، ئېكراندا «ئالماقچى بولغان پۇلنىڭ سوممىسىنى كىرگۈزۈڭ» دېگەن ئۇچۇر كۆرۈندى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى كارتىنىڭ مەخپىي نومۇرى قىلغان سان ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ ئاسان ئەستە ساقلىيالايدىغان ھەم ئۇلار ئەڭ ئامراق سان ئىدى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مەخپىي نومۇرنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن كۈنىگە ئۆزگەرتىۋەتتى.



## مۇھەببەتتىكى ئالتە ھەپتە، ئالتە ئاي ۋە ئالتە يىل

ئۇچرىشىش داۋامىدا:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن — سىزنى سۆيىمەن!
سىزنى سۆيىمەن!
سىزنى سۆيىمەن!
ئالتە ئايدىن كېيىن — مەن ئەلۋەتتە سىزنى سۆيىمەن!
ئالتە يىلدىن كېيىن — ۋاي خۇدايىم، سىزنى سۆيىمەن دېمىگەن بولسام سىز بىلەن توي قىلىپ ساراڭمىدىم!...
ئىشتىن چۈشكەندە:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن — سۆيۈملۈكۈم مەن قايتىپ كەلدىم!
ئالتە ئايدىن كېيىن — مەن قايتىپ كەلدىم!
ئالتە يىلدىن كېيىن — ئاپاڭ بۈگۈن نېمە تاماق ئەتتى!
سوۋغات:

ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ــ سۆيۈملۈكۈم بۇ ئۆزۈكنى ياقتۇرۇشىڭىزنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن!
ئالتە ئايدىن كېيىن ــ سىزگە بىر رەسىم ئېلىپ كەلدىم، بۇ رەسىم بىزنىڭ مېھمانخانا ئۆيىمىزگە تولىمۇ ماس كېلىدىكەن!
ئالتە يىلدىن كېيىن ــ بۇ پۇلغا ئۆزىڭىز بىر نەرسە سېتىۋالارسىز!
تېلېفون جىرىڭلىغاندا:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ــ سۆيۈملۈكۈم، سىزنى ئىزدەيدىكەن!
ئالتە ئايدىن كېيىن ــ مەڭ تېلېفونىڭىز!
ئالتە يىلدىن كېيىن ــ تېلېفون كەلدى!
كەچلىك تاماق:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ــ بۇنداق مەززىلىك تاماقنى ئەزەلدىن يەپ باقماپتىمەن!
ئالتە ئايدىن كېيىن ــ كەچتە نېمە تاماق يەيمىز؟
ئالتە يىلدىن كېيىن ــ يەنە مۇشۇنى يەمدۇق؟
كەچۈرۈم سورىماق:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ــ ئەنسىرىمەڭ تاتلىقىم، ئەمدى ھەرگىز چىشىڭىزغا تەگمەيمەن!
ئالتە ئايدىن كېيىن ــ دىققەت قىلىڭ، ئەمدى ھەرگىز بۇنداق قىلماڭ!
ئالتە يىلدىن كېيىن ــ بايا دېگەنلىرىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟
يېڭى كىيىم:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ــ پاھ! بۇ كىيىمنى كىيىپ پەرىشتىدەكلا ئوخشاپ قالدىڭىز!
ئالتە ئايدىن كېيىن ــ يەنە يېڭى كىيىم سېتىۋالدىڭىزمۇ؟
ئالتە يىلدىن كېيىن ــ قانچە پۇلغا ئالدىڭىز؟
تېلېۋىزور:
ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ــ سۆيۈملۈكۈم بۈگۈن كەچتە قايسى

پىروگراممىنى كۆرىمىز؟

ئالتە ئايدىن كېيىن — مەن مۇشۇ فىلىمگە ئامراق!

ئالتە يىلدىن كېيىن — مەن تەنتەربىيە قانىلىنى كۆرىمەن، كۆرگىڭىز كەلمىسە كىرىپ ئۇخلاڭ!

دەم ئېلىش ئىلانى:

ئالتە ھەپتىدىن كېيىن — قاناسقا بېرىپ ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىپ كېلەيلى ياكى سىز بېرىشنى خالىغان جايغا بېرىپ كېلەيلى، قانداق؟

ئالتە ئايدىن كېيىن — ھۆددىگە ئېلىنغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەڭ سايغا بېرىپ كەلسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ئالتە يىلدىن كېيىن — ساياھەت!؟ ئۆيدە ئولتۇرغانىنىڭ نەرى يامان؟

## مېھىر - شەپقەت مۇھەببەتتىن ئۈستۈن



يېشى سەكسەنگە بېرىپ قالغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن كېسەل- چان بولۇپ قالغاندى. بىراق ئىككىيلەن بىر - بىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلارنىڭ قولتۇقلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە ياشلار ئۇلارغا ھەۋەسلەنمەي قالمايتتى.

بىر كۈنى بىر توپ ياش ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئىككىيلەن- نىڭ مۇھەببەت سىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بوۋاي:

— ئۆي تۇتقىنىمىزغا نەچچە ئون يىل بوپتۇ. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە يول قويۇش. مۇھەببەتنى كۆپ ئويلى- مايمەن. ئويلىغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت مېھىر - شەپقەت، خالاس، — دېدى.

مېھىر - شەپقەت مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. نىكاھ روماﻧ- تىك ئىش بولمىسا كېرەك. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككى ئا- دەمنىڭ چىن يۈرىكىدىكى مۇھەببەت سۇسلىششقا، مېھىر - شەپ-

قەت كۆچىيىشكە باشلايدۇ. قول تۇتۇشۇپ ئۆتكەن هاياتتا ئۆزئارا مىننەتدارلىق ۋە غەمخورلۇق ھەممىدىن قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟

## سىېستىرا قىزغا كەلگەن خەت

بۈگۈن سىېستىرالار بايرىمى كۈنى ئىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان دوختۇرخانىنىڭ ئايالالار بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان روشەنگۈل مۇشۇنداق بىر قۇتلۇق كۈندە ئۆزىگە نۆۋەتچىلىك كېلىپ قالغىنىغا خېلى ئۆكۈندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ باشقا نۆۋەتچى سىېستىرالار بىلەن ياتاقتىكى كېسەللەرنىڭ ئەتىگەنلىك ئاسما ئوكۇللىرىنى ئېسىپ بولۇپ ئىشخانىغا كىرىپ «ئۇھ» دەپ تۇرۇۋىدى، دوختۇرخانىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىمى بىر دەستە گۈل بىلەن بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— سىزگە كەلگەنىكەن، — دېدى خەت ـ چەك باشقۇرغۇچى ئورالغان گۈل بىلەن خەتنى روشەنگۈلگە بېرىپ.

گۈل، بۇ ماي ئايلىرىدىكى سەھەردە ئېچىلغان قىزىلگۈل بولۇپ، گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغاچقا ئىشخانا ئىچى بىردەمدىلا گۈل پۇرىقىغا تولدى.

— ۋاھ، — دېدى بىر سىېستىرا قىزىلگۈلنى پۇراپ تۇرۇپ، — ساڭا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەندىن بىرى بايرىمىڭنى مۇبارەكلەپتۇ ـ دە؟

— خەتمۇ باركەن تېخى، — دېدى بىرى.

— خەتنى ئاچە ئوقۇيلى، يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى قانداقراق ئىزھار قىلىدىكىن؟

— شەخسكە يېزىلغان مۇھەببەت خەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ئوقۇشى دىگەن ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، — دېدى روشەنگۈل قولىدىكى خەتنىڭ ئۇياق ـ بۇيىقىغا قاراپ.

169

— ھېلىقى مۇختەرجان سېنى تاشلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ خەت يازدىمۇ - يا؟ — دېدى يەنە بىر سېسترا پىخىلداپ كۈلۈپ.

روشەنگۈل ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، ماختىنىشقا ئامراق قىز بول-غاچقا، خىزمەتدىشىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. شۇڭا ئۇ:

— ئۇنداق دېسەڭلار خەتنى ئاچاي، ئاندىن بىر نېمە دەيلى، — دېدى قىزىرىپ تۇرۇپ.

كونۋېرتنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ئىشخانىدىكى تۆت سېسترا رو-شەنگۈل بىلەن بىرلىكتە خەتكە كۆز تىكتى. خەت مەخسۇس گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن سالام خەت قەغىزىگە ئىنتايىن چىرايلىق قى-لىپ يېزىلغانىدى.

قەدىرلىكىم روشەنگۈل، سىزنى شۇنداق ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلىسىڭىز. مەن دوختۇرخاناڭلاردىن چىقىش ئالدىدا شۇنى بىلدىم-كى، مەن قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھايات - ماماتلىق ئېلىشى-شىدا، سىلەر ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر ئەزرائىل بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز قاتتىق ئېلىشىپ مېنى ھاياتلىق ئالىمىگە قايتۇرۇپ كې-لىپسىلەر. مەن ئاستا - ئاستا ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى غۇۋا ئاچقىنىمدا بىر ئاقلىقنى كۆردۈم. شۇ چاغدا مەن ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان قارلىق دالىدا يېتىپ قالغاندىمەنمۇ دەپ ئويلىدىم. ئاس-تىم ۋە ئۈستۈمدىكى يۇمشاق كۆرپە - يوتقانلار مېنى دەرھال ئۇ خىيالدىن ياندۇردى. مەن بىر ئىللىق قۇچاقتا ياتقان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا بۇرنۇمغا دورا - ئوكۇللارنىڭ ھىدى ئۇ-رۇلدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىمنى جەزملەشتۈردۈم - دە، كۆزۈمنى چوڭ ئاچتىم. شۇ چاغدا ئاپپاق يا-تاقتا، ئاپپاق يوتقان - كۆرپە ئىچىدە، ئاپپاق خالات كىيگەن سېسترا قىزنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. سىز ماڭا قاراپ، مېنىڭ قەلبىمدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان شۇنداق چىرايلىق،

شۇنداق تاتلىق، شۇنداق تارتىملىق كۈلۈمسىرىدىڭىز. ئاھ، روشەنگۈل سىزنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە ئاپپاق ئۈنچىدەك چىشلىرىڭىز باركەن ئەمەسمۇ؟

روشەنگۈل، سىز مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ ئاپپاق قوللىرىڭىز بىلەن پېشانەمنى ئاۋايلاپ تۇتتىڭىز. سىزنىڭ ئاشۇ ئاپپاق قوللىرىڭىز شۇنداق يۇمشاق، شۇنداق هارارەتلىك ئىدى. پېشانەمگە سىزنىڭ قولىڭىز ئەمەس، بەلكى بىر چوغ يېقىلغاندەك بولدى. سىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدىڭىز، ئېقى ئاق كۆمۈشتەك، قارىچۇقى قۇمچاقتىنمۇ قارا بولغان كۆزلىرىڭىزدىن چاقنىغان شادلىق ئۇچقۇنىنىڭ هارارىتى يۈرىكىمگە بېرىپ يەتتى. قۇياش نۇرى پۈتۈن جاهاننى يورۇتقاندەك سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن چاقنىغان نۇر مېنىڭ پۈتۈن جىسمىمنى ئىللىتتى.

مەن شۇ چاغدا ئۆزۈممۇ بىلمىگەن هالدا ئاستا پىچىرلىدىم: «سىز پەرىشتىمۇ؟» سىز كۈلۈپ تۇرۇپ: «ياق، مەن پەرىشتە ئەمەس، مەن سېسترا، سىزنىڭ پەرۋىشكارىڭىز» دەپ جاۋاب بەردىڭىز. شۇ چاغدا مەن «ياق، سىز ئاق خالاتلىق پەرىشتە ئىكەنسىز، سىز مېنىڭ هاياتىمنى ساقلاپ قالغۇچى، سىز مېنىڭ هاياتىم» دېدىم ـ دە، يوتقاندىن قولۇمنى چىقىرىپ قولىڭىزنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم. شۇ چاغدا سىز باهاردىكى تاڭ سەھەردە ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ كەتتىڭىز. مەنمۇ مىدىرلاپ كەتكەچكە بېشىم ۋە بەدىنىمدىكى يارا قاتتىق ئاغرىپ «ۋايجان!» دېگەن بىر سۆز تېشىمغا چىقىپ كەتتى. مەن ئاغرىققا چىدىماي كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئاغرىقمۇ پەسەيدى. يۈرىكىم بولسا سىز ئۈچۈن ئۈنسىز ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

171

ئاق خالاتلىق پەرىشتە،
ئورنۇڭ بولسۇن ئەرشتە.

ئۆتەر كېچە ـ كۈندۈزۈڭ،
كېسەللەرنى پەرۋىشتە.

سىز ۋە سىزدەك ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن مېنىڭ سالامەتلىكىم تېزلا ئەسلىگە كەلدى. سىز ھەر كۈنى ياتاققا كىرىپ مېنى ۋە باشقىلارنى يوقلايتتىڭىز. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن سىزگە ئامراق بولۇپ قالدىم. سىزنى كۆرگۈم، سىز بىلەن ئۇزاق ـ ئۇزاق مۇڭداشقىم كېلىپ تۇراتتى. مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم ئېنىق ئىدى. بىراق مەن بۇ ئوتلۇق مۇھەببىتىمنى سىزگە بىلدۈرۈپ بولغۇچە يارام ساقىيىپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ قالدىم.

روشەنگۈل، شۇ ياتاقتىن چىقىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى يادلاپ كەلدىم. باشقىلاردىن ئۇقسام سىز دوختۇرخانا بويىچە مۇنەۋۋەر سېسترا، ئۆگىنىش ئۈلگىسى ئىكەنسىز. بىمارلارنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنسىز. بۈگۈن مەن دۇنيادىكى بارلىق سېسترالارنىڭ بايرام كۈنىنى تاللاپ سىزگە بىر دەستە گۈل بىلەن بۇ كۆڭۈل ئىزھارىمنى ئەۋەتتىم. بايرىمىڭىز مۇبارەك بولسۇن! شادلىققا تولغان قەلبىڭىزدىن ماڭا مەڭگۈلۈك ئورۇن بېرەرسىزمۇ؟ جاۋابىڭىزغا ئىنتىزارمەن، مەن شۇ تاپتا دوختۇرخانا دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، چىقسىڭىز سىزنى بىر كۆرۈۋالسام!

سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئاشىقىڭىز

تۆت سېسترا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. روشەنگۈلنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپلا كەتتى. خەتنى تۇتقان

قولىمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىدى. بۇ خەتنىڭ ئۆزىگە كەلمىگىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇلغان قىزىلگۇل يەنىلا پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

روشەنگۇلنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بۇ خەتنى ئوقۇغان باشقا ئۈچ سىڭىسترا، خەتتە تەرىپلەنگەن تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدىكى روشەنگۇلنى ئەسكە ئېلىشىپ بىردىنلا كۈلۈۋېتىشتى. ئۇ روشەنگۇل ئۆتكەن ھەپتە توي قىلغان بولۇپ تېخى خىزمەتكە چۈشمىگەنىدى.

# قىزلار مەڭگۈ گۈزەل بولسۇن

## قىزلارنى زىلۋالاشتۇرىدىغان ئۈچ خىل ئۇسۇل

1. دۇفۇ يېسىڭىز ساغرىڭىزنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۆزگەرمەيدۇ

بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ساغرا قامىتىڭىزنىڭ يوشۇرۇن دۇشمىنى، ئەگەر ساغرىڭىز ھەم چىڭ، ھەم تولغان بولسا، بېلىڭىز تەبىئىي ھالدا ئىنچىكە كۆرۈنۈش بىلەن بىرگە پۇتىڭىزمۇ كىشىدىلەرگە ئۇزۇندەك بىلىنىدۇ. ساغرىڭىزنىڭ يۇمىلاق ھالەتتە تۇرۇشى قامىتىڭىزگە زىبالىق بېغىشلايدۇ. ئەگەر ساغرىڭىز بوش، ئېلاستىكلىقى بولمىسا، ئۇ ھالدا بېلىڭىزنىڭ ئاستى گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ. بەدەننىڭ تۆۋەنكى يېرىمىنىڭ نىسبىتىمۇ كىشىدە تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقانلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشى تۇراقسىز بولغاچقا، ياغ پەيدىنپەي بەدەننىڭ تۆۋەن قىسمىغا يىغىلىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ساغرىسى ئوڭايلا ساڭگىلاپ كېتىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى نامۇۋاپىق غىزالىنىشمۇ ساغرىنىڭ ساڭگىلاپ قېلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەگەر ھايۋانات يېغىنى ھەددىدىن زىيادە ئىستېمال قىلغاندا، ياغ بەلنىڭ تۆۋەن قىسمىغا يىغىلىپ، ساغرىنى تېخىمۇ ساڭگىلىتىۋېتىدۇ.

ساغرىنىڭ ساڭگىلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەن ئىكەنمىز، بىز ئىشنى ئالدى بىلەن ئۈچ ۋاقلىق تاماقتىن باشلاپ، ئۆسۈملۈك ياغلىرىنى ياكى تەركىبىدە ئۆسۈملۈك ئاقسىلى بار يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا دىققەت قىلىشىمىز كې-

رەك. ئالايلۇق، دۇفۇ ساغرىنىڭ ساڭگىلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

دۇفۇ ھەر خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇلىدۇ، ئۇنى ياغدا پىشۇرۇشقىمۇ، دۇملەپ ۋە قاينىتىپ پىشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە سالات ياساشقىمۇ بولىدۇ، ۋەھاكازالار. دۇفۇنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپ، ئەنئەنىۋى پۇرچاق سۈتى، دۇفۇ قېتىقى، دۇفۇ قېقى قاتارلىقلاردىن باشقا، ھازىر دۇفۇنىڭ يېڭى تۈرلىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، تەملىك دۇفۇ ماروژنىسى لاكتوزا (شۈت شېكىرى)نى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىغان كىشىلەرگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

2. ئولتۇرۇش ھالىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئورۇقلاش

ئورۇقلاش كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنداق قىيىنمۇ ئەمەس. كىشىلەر ئولتۇرۇش ھالىتىنى توغرىلاپ، قورسىقىنى ئىچىگە تارتىپ، كۆكرىكىنى كېرىپ ئولتۇرسا قورساققا يىغىلىپ قالغان ياغ ئازىيىدۇ.

بۇنداق ئاسان ئورۇقلاش ئۇسۇلى پۇت ـ قوللىرى ئىنچىكە، ئېغىرلىقى نورمال، بەل ئايلانمىسى ساغرا ئايلانمىسىدىن چوڭ بولغان، ياغ قورساق قىسمىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەرگە ماس كېلىدۇ. بۇنداق سېمىز كىشىلەر يىل بويى ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئۇستەل ئالدىدا ئۇزۇن مۇددەت مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ خىزمەت قىلغاچقا، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بېلى يوغان، قورسىقى تومپىيىپ چىققان، خۇددى ئالمىغا ئوخشايدىغان بەدەن شەكلىنى «تەدرىجىي تەنلىك ھالدا ئۇتتۇرىغا چىقىرىدۇ».

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، مەيلى ئۆرە تۇرۇڭ ياكى ئولتۇرۇڭ، تۇرقىڭىز توغرا بولمىسا، كۈچ بەدەنگە تەكشى تارقالمىسا، مۇسكۇللىرىڭىزنىڭ «ئازابى ۋە شادلىقى» تەڭپۇڭ بولمىسا، بەدىنىڭىزنىڭ بەزى جايلىرىغا ياغ يىغىلىپ قالىدۇ. ئالايلۇق، بەدى-

نىڭىزنىڭ ئېغىرلىقىنى داۋاملىق بىر پۇتىڭىزغا چۈشۈرۈپ ئادەتلەنسىڭىز، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى مەزكۇر پۇتىڭىز يوغىناپ كېتىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قورساقتىكى ياغ ھۈجەيرىلىرى باشقا ئورۇنلاردىكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يۇرەك، جىگەرگە يېقىن بولغاچقا، قانغا ئاسان سىڭىپ كىرىپ، ئارتېرىيە دىۋارىدا تىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئارتېرىيە بوتقىسىمان قېتىشىش كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، بەل ئايلانمىسى ساغرا ئايلانمىسىدىن كىچىك ئەمەسلىكىنى بايقىغان ھامان، قارىماققا ئۇنچىلىك سېمىز دەك كۆرۈنمىگەن ياكى بەدەن ئېغىرلىقى «ئۆلچەمدىن ئېشىپ» كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، قورساققا يىغىلىپ قالغان ياغنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

بەختىمىزگە يارىشا، بۇنداق «كەسىپىي سېمىزلىك» ئانچە جاھىل ئەمەس. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئولتۇرۇش ھالىتىنى تەڭشەپ، ئۆزىڭىزنىڭ كۆكرەكنى كېرىپ، قورساقنى ئىچىگە تارتىپ، بەلنى تىك تۇتۇپ خۇددى تام سائەتنىڭ مايātنىكىدەك تۈز ئولتۇرۇشقا دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىڭىز، گەرچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، خىيالىڭىزغا كەلگەن ھامان ئولتۇرۇش قىياپىتىڭىزنى تۈزەتسىڭىز، قورسىقىڭىزغا يىغىلىۋالغان ئىككى جىڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياغنى ئازايتقىلى بولىدىكەن. ئەگەر ھەر كۈنى بىر سائەت، ھەر ھەپتىدە 4 ~ 5 قېتىم يۈرەك، ئۆپكە پائالىيىتىگە ۋە مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئوتتۇراھال تېزلىكتە پىيادە مېڭىش، ئاستا يۈگۈرۈش، ساغلاملىق گىمناستىكىسى قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياغلارنىڭ يىغىلىۋېلىشىنى تېخىمۇ ياخشى چەكلەپ، ياغ سەرپىياتىنى كۆپەيتسىڭىز، ساغلاملىقىڭىز، ئۆلچەملىك بەدەن شەكلىڭىز تېز ئەسلىگە كېلىدۇ.

## بىر كۈندە ئالتە خىل ئىش ئەمەلىيلەشسە، قىزلار گۈزەل ھەم ساغلام بولىدۇ

1. ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىككى پىيالە قايناق سۇ ئىچىش.

2. بىر تابلىتكا بىرىكمە ۋىتامىن ئىچىش. ئەگەر يېشى 30 ياشتىن ئاشقان بولسا، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن ۋىتامىن C، E نى چوقۇم تولۇقلاش لازىم.

3. ئاچچىقسۇ ئىچىش. ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماقتا ئاچچىقسۇ ئىستېمال قىلىنسا، قان تومۇر قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

4. بىر پىيالە قېتىق ئىچىش. سۈتنىڭ كالتسىي تولۇقلاش ئۈنۈمى ھەرقانداق بىر يېمەكلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئادەم بەدىنى قېتىقنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، قىزلار كۈندە بىر ـ ئىككى پىيالە قېتىق ئىچىشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

5. بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ ئىشلىتىش. يۈزنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇغا بىر پارچە پاكىز داكىنى چىلاپ، ئاندىن يۈزگە يېپىش، داكا قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە داكىنى ھۆللەپ شۇ يوسۇندا قايتا داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ يۈزگە بىر قېتىملىق مىكرو ئېلېمېنت ئوزۇقلۇقى تولۇقلىغانغا باراۋەر بولىدۇ.

6. بىر دانە پەمىدۇر يېيىش. مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتلار ئارىسىدا پەمىدۇرنىڭ ۋىتامىن تەركىبى ئەڭ يۇقىرى. كۈندە بىر دانە پەمىدۇر يەپ بەرسە، بىر كۈندە ئېھتىياجلىق بولغان ۋىتامىن C نى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

## خانىم - قىزلارنىڭ ئۇخلىشىدىكى سالامەتلىككە زىيانلىق تۆت ھالەت

1. گىرىم بىلەن ئۇخلاش

بىر قىسىم ئاياللار بولۇپمۇ ياش ئاياللار ئۇخلاشتىن بۇرۇن يۈزىدىكى گىرىمنى يۇيۇۋەتمەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا تېرىدىكى گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ قالدۇقلىرى تېرە تۆشۈكچىلىرىنى توسۇۋېلىپ، تەرنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ دانىخورەك پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن تېرىگە تەسىر يەتكۈزۈپ تېرىنىڭ قېرىشىنى تېزلىتىدۇ.

2. لىپتىك بىلەن ئۇخلاش

لىپتىك ئەمچەكنى قوغداش رولىنى ئۆتىسىمۇ، ئەمما ئاخشىمى لىپتىك بىلەن ئۇخلىغاندا ئەمچەك راكى قاتارلىق جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەتقىقاتتىن ئىسپاتلىنىشىچە، لىپتىك تاقايدىغان ۋاقتى 12 سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئەمچەك راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى لىپتىكنى ئاز تاقىدىغانلارنىڭكىگە قارىغاندا 20 ھەسسە كۆپ بولىدىكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، لىپتىك بىلەن ئۇخلىغاندا ئەمچەك ئۇزاق ۋاقىت بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، لىمفانىڭ ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، زىيانلىق ماددىلارنىڭ ئەمچەكتە توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

3. زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۇخلاش

بەزى ئاياللار ئۇخلىغاندا زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىۋەتمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. بەزى زىننەت بۇيۇملىرى مېتال بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت تېرە بىلەن تېگىشىپ تۇرسا، ئۆزلۈكىدىن ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كېچىسى نۇر تارقىتىش رولى بولغان بەزى زىننەت بۇيۇملىرى رادىياتسىيە پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ

مىقدارى گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ۋاقىت تېرە بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرسا، يامان ئاقمۇەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ. نىڭدىن سىرت، زىنىنەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۇخلىغاندا ئورگانىزمدىكى قاننىڭ ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

4. هاراق ئىچىپ ئۇخلاش

تېببىي تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇخلاشتىن بۇرۇن هاراق ئىچكەندە نەپەس توختاپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدىكەن. ئادەتتە هەر قېتىملىق نەپەس توختاپ قېلىش هەر كۈنى ئىككى قېتىمدىن هەر قېتىمدا 10 سېكۇنت ئەتراپىدا بولىدىكەن. بۇ ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشسا ئادەم ئوڭايلا يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىكەن.

## خانىم - قىزلارنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىسىز كىيىم - كېچەكلەر

179

مۇتەخەسسىسلەر خانىم - قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك كىيىم - كېچەكلەرنى كىيمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى.

1. بەك تار ئىچ كىيىم. بەزىبىر فىگۇرىسى تازا كېلىشمىگەن خانىم - قىزلار گۈزەللىك قوغلىشىپ، بەك تار، بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىچ كىيىملەرنى كىيىپ، بەدىنىدىكى نۇقسانلارنى ياپماقچى بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئىچ كىيىملەرنى كىيگەندە ئادەم بىئاراملىق هېس قىلىپلا قالماي، قاننىڭ نورمال ئايلىنىشىغا تەسىر يېتىپ، هاۋا ئۆتۈشمەي، هەر خىل ياللۇغلارنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بەزى خانىم - قىزلار بەنداش كىيىپ فىگۇرلۇق بولماقچى بولىدۇ. بەنداش ئاددىيسى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ، يۈرەك سېلىشنى تېزلىتىپ، باش قېيىش، نەپەس يېتىشمەسلىكتەك

ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا يۇرەك كېسەللىكلى-رىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. بەك چىڭ باغىرداق (لىپتىك). ئەگەر خانىم - قىزلار ئۇزاق ۋاقىت بەك چىڭ باغىرداق تاقىسا، سۈت بېزى ۋە قان ئايلىنىشقا تەسىر يېتىدۇ ھەم تەر قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلار سۈت بېزىگە كىرىپ، سۈت بېزى راكىنى پەيدا قىلىدۇ.

3. ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم. خانىم - قىزلار ئۇزاق ۋاقىت بەك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيسە، پۇت كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆسۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان قىزلار ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم كىيسە، نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

4. نىلون پايپاق. خانىم - قىزلار ئۇزاق ۋاقىت نىلون پايپاق كىيسە، پايپاق تەركىبىدىكى خىمىيەلىك بىرىكمىلەر تېرىگە تە-سىر قىلىپ، تېرە كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 180

## قىزلاردىكى گۈزەل قىياپەت شەكلى

قىزلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلى-كىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قىزلار يۈ-رۈش - تۇرۇشىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەچكە قىياپىتىنىڭ گۈزەل بولغان - بولمىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن ئەن-سىرەش ھاجەتسىز. پەقەت يۈرۈش - تۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئۆز-گەرتىشكە كۆڭۈل بۆلسىلا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

1. ئۆرە تۇرۇشتىكى ئۈچ مۇھىم ھالقا

ئۆرە تۇرغاندا، پۇتنىڭ ئارقا تەرىپى يېقىن تۇرۇشى، ئالدى تە-

رىپى بىر مۇشت پاتقۇدەك ئارىلىق قالدۇرۇلۇشى، تىز تۈز بولۇشى؛ قورساقنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇش؛ ئىككى بىلەك تەبىئىي ھالدا تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرۇشى، باشنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل قاراش كېرەك.

2. ئولتۇرۇشتىكى سىپايىلىك

ئولتۇرۇش ئۆرە تۇرۇش، مېڭىشتىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئولتۇرغاندىمۇ ئوخشاشلا بەلنى تۈز تۇتۇش، باشنى كۆتۈرۈش لازىم. روھلۇق ئولتۇرغاندىن باشقا ئەركىن ـ ئازادە بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئولتۇرغان ۋاقىتتا بەدىنىڭىز ئورۇندۇقتا بولغاچقا، قىياپەتنى ئاسان توغرىلاپ تۇرغىلى بولىدۇ. بەزى قىزلار ئورۇندۇقنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىگە سەل قارايدۇ. ئورۇندۇقتا خۇددى يۇمشاق لاتا قونچاققا ئوخشاش ھەددىدىن زىيادە ئەركىن ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئولتۇرغاندا دۈمبە ۋە بەل قىياپىتى توغرا بولۇپلا قالماستىن، ئىككى پۇتى جۈپلىنىشى كېرەك. مانا بۇ قىزلارنىڭ ئەدەپلىك سىياپە قىياپىتىدۇر.

3. تېز ۋە يېنىك قەدەم ئېلىش

مېڭىش قىياپىتىمۇ ئولتۇرۇشقا ئوخشاشلا مۇھىم. توغرا بولمىغان مېڭىش قىياپىتى سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئوبرازىڭىزغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ماڭغاندا بەدەننى تۈز تۇتۇپ، باشنى كۆتۈرۈپ، يېنىك قەدەم تاشلاپ تېز ۋە رىتىملىق مېڭىش، بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمى كۆپ ھەرىكەتلەنمەسلىك. ھەرىكەت بەلگە مەركەزلىشىشى كېرەك. شۇڭا بۇ خىل ئۆلچەملىك مېڭىش ئۇسۇلى بەلنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ مېڭىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېنىك، تېز مېڭىش كىشىلەرگە ھاياتى كۈچكە تولغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ ھەمدە سىزگە ئازادىلىك بەخش ئېتىدۇ. ئۇدۇل قاراپ ماڭغاندا، بەدەن تەبىئىيلا ئالدىغا ئېگىلىپ قالىدۇ.

## قىزلارنىڭ جەلپ قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى

جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە خانىم ـ قىزلاردا مۇنداق شەرتلەر ھازىرلانغان بولىدۇ:

1. ئەدەپلىك بولىدۇ. ھەرقانداق سورۇندا كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدۇ. يۈرۈش ـ تۇرۇشتا لاتاپەتلىك، سىپايە بولىدۇ. ئوچۇق ـ يورۇق، خۇشچاقچاق، كەڭ قورساق بولىدۇ. بولۇپمۇ تەن-قىدنى قوبۇل قىلىش جاسارىتىگە ئىگە بولىدۇ.

2. باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە قىزغىن پوزىتسىيەدە بولىدۇ.

3. بىلىمى ئەتراپلىق، سۆزى ئورۇنلۇق بولىدۇ.

4. راستچىل، كەڭ قورساق، ئادىل بولىدۇ. كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى، يەنى باشقىلارنىڭ ئەتەي دىققىتىنى تارتىپ پايپاسلاش؛ ئادەم بار يەردە قاتتىق يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، كېكى-رىش، ئاغزىنى چاكىلدىتىش؛ تىياتىرخانىلاردا، كىنوخانىلاردا پاراڭ سېلىپ، باشقىلارنىڭ كىنو، تىياتىر كۆرۈشىگە دەخلى يەت-كۈزۈش؛ ھە دېسىلا بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىش؛ باشقىلارنىڭ كەي-نىگە كىرىۋېلىش، جامائەت ئالدىدا بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىز-ھار قىلىش؛ كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز، يۈز ـ كۆزلىرى پاس-كىنا، تىرناقلىرى ئۆسۈك، تېنى پۇراش؛ تاماق ئۈستىدە ھەرىكىتى قوپال بولۇش، تائاملارنى تۆكۈۋېتىش؛ پوزىتسىيەسى قوپال بو-لۇش، پوچىلىق قىلىش؛ شەيئىلەرگە قارىتا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈ-رۈش پوزىتسىيەسىدە بولۇش؛ ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئى-چىۋېلىپ جېدەل چىقىرىش، گەپ ـ سۆزدە يېڭىلىپ قالسا، ئۇرۇ-شۇپ جېدەل چىقىرىش؛ باشقا كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق ھەۋەس قىلىش، يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۈرۈشتە قىلىش؛ گەپ دېتىغا ياقمىسىلا تېرىكىش، ھە دېسىلا كايىش؛ جانلىق بول-

ماسلىق؛ ئىش قىلغاندا بىپەرۋالىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمايدۇ.

## خانىم - قىزلار ئۇزۇقلۇق ئارقىلىق ئورۇقلاشنى قانداق قىلغاندا تەبىئىي داۋاملاشتۇرالايدۇ

1. ئورۇقلىماقچى بولغان خانىم - قىزلار سېمىزلىكنىڭ، ئوزۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشىنىڭ بەدەنگە يامان ئاقىۋەت ئەكېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، شۇنداقلا تاماقنى نورمال ئازايتىپ ئورۇقلاشنىڭ بەدەنگە ئەكس تەسىر بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

2. دائىم ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى بىراقلا تاشلىۋەتمەي، ئاستا - ئاستا ئازايتىپ ئىستېمال قىلغاندا بەك تەس بىلىنمەيدۇ. بولۇپمۇ تاماقنى ئاز ئىستېمال قىلغاندا، چوقۇم قانۇنىيەتلىك ئازايتىش ھەم ۋاقتىنى توغرا كونترول قىلىش كېرەك.

3. ئورۇقلاش باسقۇچىدا، كەچلىك ھەر خىل سورۇنلارغا ئاز بېرىش، ھاراق - شاراپ ئىچمەسلىك، قالايمىقان يېمەكلىكنى كۆپ يەپ ئورۇقلاش پىلانىنى بۇزماسلىق لازىم.

4. ئوزۇقلۇقنى ئازايتىش ئارقىلىق ئورۇقلاش ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بولۇپ، مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تاماقنى كونترول قىلىش كېرەك.

## خانىم - قىزلارنىڭ سەمرىپ كېتىشىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ

ئادەم مەلۇم بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا، بەدەندە نورمال بولمىغان ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. بەزىلىرى ئېنىق بولسا، يەنە

بەزىلىرى ئانچە ئېنىق بولماي، كېسەل ئېغىرلاشقاندا بىر اقلا ئاشكارىلىنىدۇ. ئالامەتلەر ئاشكارىلانغاندا ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىدىلا مەلۇم بىر خىل كېسەل بېشارىتىگە ئانچە دىققەت قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئورۇقلاشمۇ ئوخشاش، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن سېمىزلىك بىر خىل ئاستا خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ قاچاندىن بېرى سەمرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇڭا، خانىم ـ قىزلار تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك: (1) ئوڭاي چارچاش؛ (2) ھورۇنلىشىش؛ (3) ئۇيقۇغا خۇمار بولۇش؛ (4) ئىشتىھاسى ياخشى بولۇپ كېتىش. ھېچقانداق كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرىقى تۆت خىل ئەھۋالنى كۆزىتىپ، سەمرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

## ھۆسن تۇزەشنىڭ مەخپىي رېتسېپلىرى



1. يېڭى سەۋزىنى يۇمشاق ئېزىپ، سۈيىنى ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا يۈزگە سۈركەپ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئۈسۈملۈك مېيى سۈركەلگەن قولياغلىق بىلەن يۈزگە يەڭگىل ئۇرۇپ بەرسە ۋە ھەر كۈنى بىر ئىستاكان سەۋزە سۈيى ئىچىپ بەرسە، يۈزدىكى سەپكۇن تۈگەپ، تېرە ئاقىرىپ پارقىرايدۇ.

2. ئەگەر تېرىڭىز قارا، يىرىكرەك بولسا، پەمىدۇرنى ئۇششاق چاناپ، قوشۇقتا ئېزىپ شىرىنسىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، يۈز ۋە قولغا سۈركەپ 20 مىنۇتتىن كېيىن يۇيۇۋەتسىڭىز ۋە كۈندە بىر نەچچە قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ بەرسىڭىز تېرىڭىز ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىدۇ. ئورۇق، رەڭگى سېرىق قىزلار ھەر كۈنى بىر ئىستاكان پەمىدۇر سۈيى ئىچىپ بەرسە تېرىسى بارا ـ بارا قىزىرىدۇ.

3. تېرىسى قۇرغاق ئادەملەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈز يۇيۇشتىن ئىلگىرى تەرخەمەك سۈيىنى چىقىرىپ يۈزگە سۈركەپ بەرسە ۋە

ئۇنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرسا يۈزدىكى داغ بارا ـ بارا سۇسلاپ قورۇقلار تۈگەيدۇ.

4. تاۋۇز شاپىقىنى يۈزگە سۈركەپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يۇيۇۋېتىپ ئازراق ماي سۈركەپ بەرسە يۈز تېرىسى ئاقىرىدۇ.

5. ئاناناس (بولو) سۈيىنى يۈزگە داۋاملىق سۈركەپ بەرسە تېرە يۇمشاق بولىدۇ ۋە ھەر خىل يارا چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

6. تۇخۇم ئېقىنى يۈزگە سۈركەپ بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن يۇيۇۋەتسە يۈز تېرىسىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ ۋە قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## خانىم ـ قىزلار سەمىگە

دۇنيادا گۈزەللىكنى ياقتۇرمايدىغان بىرمۇ ئايال بولمىسا كېرەك. گۈزەللىكتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ناھايىتى كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خاس بىر خىل بەدىئىي زوق ۋە روھىي ئوزۇق ئالىدۇ. گۈزەللىك ئادەمنى جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە قىلىپ، گۈزەل تۇرمۇشقا، قىزغىن ھاياتقا ئىنتىلدۈرىدۇ، كىشىلەر قەلبىنى ياشارتىدۇ. ئەمما گۈزەللىكنى سۆيىدىغانلارنىڭ گۈزەللىكنى بىلىشى، گۈزەللىكنى بىلگەنلەرنىڭ گۈزەل بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. ئەگەر سىز گۈزەل خانىم ـ قىزلاردىن بولاي دېسىڭىز تۆۋەندىكى ئىللەتلەردىن ساقلىنىڭ.

1. رەتسىز كىيىنىش، ئۇستىبېشىنى تۈزەپ يۈرمەسلىك، ئۆزىنىڭ ياش قۇرامى، رەڭگى، فىگۇرىغا قارىماي، كىيىمنىڭ رەختى، رەڭگى، پاسونىدا مودا قوغلىشىش، جۇغى كىچىك ئاياللار كەڭ كىيىملەرنى كىيىۋېلىش، سېمىز ئاياللارنىڭ توغرا سىزىقلىق، چوڭ چاقماقلىق رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ تېخى-

مۇ سېمىز كۆرۈنۈش، ئورۇق قىزلار قارا رەڭلىك كىيىملەرنى كى-يىۋېلىپ، تېخىمۇ ئورۇق كۆرۈنۈش، ئۇخلاش كىيىمى ۋە ساپما كەش بىلەن سىرتقا چىقىش.

2. ئۆزىنىڭ كۆكرەك، بەل، بىلەك، پۇتلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، يول يۈرگەندە، ئولتۇرۇپ ـ قوپقاندا، باش-قىلارنىڭ ئالدىدا قوپال ھەرىكەتلەرنى قىلىش، بۇرنىنى كوچىلاش، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋالماي ئەسنەش.

3. تولا گەپ قىلىش، قوپال سۆزلەش، كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، قەستەن ئەركىلەش، ئاغزى ئىتتىك-لىك قىلىش، باشقىلارغا گەپ بەرمەسلىك.

4. قېنىق گىرىم قىلىش، تەبىئىي يارىشىملىق قېشىنى تۈم ياكى ئىنچىكە قىلىپ تېرىپ، قاپقارا قاشلىق سىزىۋېلىش.

# قىزلار ۋە مۇھەببەت ھەققىدە ھېكمەتلەر

## قىز - يىگىتلەر ھەققىدە

▲ قىزلارغا سىزنى سۆيىمەن دەپ كەلگەن ئەركەكتىن، سىزنى نىكاھىمغا ئالىمەن دەپ كەلگىنى ھەقىقىي ئەركەك.

▲ ئىشق چىرايىنى ئۆلچەم قىلغان بولسا، بەزى ھۆسن - جامالغا ئىگە قىزلىرىمىز ئەرسىز قالماستى.

▲ ئوغۇل بۇزۇلسا كاززاپ بولۇر، قىز بۇزۇلسا ئالدامچى بولۇر.



▲ قىزنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا. ئوغۇلنىڭ قاۋۇللۇقى ئۇنىڭ ۋىجدانلىقلىقىدا.

▲ ئوغلۇڭ بۇزۇلسا مېلىڭدىن ئايرىلىسەن، قىزىڭ بۇزۇلسا يۇرتۇڭدىن ئايرىلىسەن.

▲ قىز - يىگىتلىرىمىزدە مۇنداق ئۈچ خىل نەرسە سۇسلاشماقتا، ئۇلار بولسا:

1. مەڭزىدىكى قىزىللىق؛ 2. كۆڭلىدىكى ئاقلىق؛ 3. چاچلىرىدىكى قارىلىق.

▲ ئوغۇللىرىمىزدا مۇنداق ئۈچ خىل نەرسە سۇسلاشماقتا:

1. كۈچلۈك ئېتىقاد؛ 2. ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق؛ 3. مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئۇچقۇنى.

▲ قىزلار تىرىكلىكتە ئۆزىنىڭ تەقدىر تونىنى ئۆزى پىچىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كېپەننى باشقىلار پىچىدۇ!

▲ قىزلار ئاق كۆڭۈل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان ئالدىنىدۇ، سەمىمىي بولغانلىقى ئۈچۈن زىيانغا ئۇچرايدۇ، كۆڭۈلچەك بولغانلىقى ئۈچۈن بوزەك بولىدۇ، نادان بولغانلىقى ئۈچۈن خورلىنىدۇ!

▲ قىزلار يولدىن چىقىپ كەتتى دەپ تىللىنىدۇق، بىراق پۇل تېپىپ يولدىن چىقمىغان ئەردىن قانچىسى بار؟

▲ قاچانكى ئەركەكلەر ھەقىقىي ئەركەكلىككە قايتىدىكەن، شۇ چاغدا قىزلار ھەقىقىي قىزلىقىغا قايتىپ جاھان تۈزۈلىدۇ!

▲ قىزلارنىڭ تەقدىرى يىغا بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان! باراۋەر، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئېرىشىش قىزلارنىڭ تۆپكى ئارزۇسى!

▲ ئادەم ئەسلىدە ناھايىتى ئەقىللىك. ئەمما، ئۇلار مۇھەببەتلەشكەندىلا ئەقلىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىر ئادەم كۆڭلىنى قوزغالغاندىمۇ ئەقلىنى يوقىتىدۇ.

▲ يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى ئاشكارا بولىدۇ. ھەرقانداق ھىجران سۆزى ئاشىقلارنى ئۆلتۈرسە، ۋىسال بېشارىتى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆلگەن جىسمىغا جان كىرگۈزىدۇ.

▲ سۆيگۈگە ئېرىشكەن كىشى ئۆلۈمنى ئويلىمايدۇ. جاھاندا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر ئاپتى بولىدۇ، مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئاپتى ھىجراندۇر. 188

## قىزلار ھەققىدە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى

▲ قىزلارنى بىرىنچى قېتىم گۈلگە ئوخشاتقىنى بۇ دانالىق، ئىككىنچى قېتىم گۈلگە ئوخشاتقىنى بۇ ئەخمەقلىق.

— بالزاك

▲ قىزلار ئۈچۈن ساھىبجامالىق ئەرلەردىكى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

— چېتىر فىيلىد

▲ قىزلارنىڭ چىرايلىق بولۇشى تويلۇق مالىنىڭ يېرىمىنى تەل قىلغانغا تەڭ.

— دېرىكىس

▲ ناۋادا بىرەر قىزغا گۈزەللىكنىڭ قەدرى ـ قىممىتى يوق، كىيىم ـ كېچەكنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق دېيىلسە، بۇ نەقەدەر بىمەنىلىك ـ هە؟ گۈزەللىك قەدرى ـ قىممەتكە ئىگە.

— شى. سىمىت

▲ قىزلارنىڭ ھەقىقىي زىبۇ ـ زىننىتى كىيىم ـ كېچەك ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاق.

— سوقرات

▲ يىگىتلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى قىزلارنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەقىللىك بولۇشى.

— مۇنېرناسوف

189

▲ سۈكۈت قىلىش قىزلارنىڭ ئەڭ ياخشى زىبۇ ـ زىننىتى.

— يۇھان لېر

▲ قىزلارنىڭ مۇلايىملىقى — نازۇكلۇقى، ئىستائەتمەنلىكى، ياۋاشلىقى، مېھرىبانلىقى، چەكسىز مۇھەببىتى، بېقىندىلىقى ۋە مۇۋاپىق ھالدىكى ناز ـ كەرەشمىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

— دېنسۇن

▲ قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادەمنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاشلا گۈزەل بولىدۇ دەپ قاراپ سىرتقى قىياپەتكە ئېتىبار بېرىدۇ.

— بالزاك

▲ قىزلار ئاددىي ـ ساددا، پاكىز، رەتلىك كىيىنسە كۇپايە. پەزىلىتى ياخشى بولسىلا ياسىنىش نەھاجەت.

— ئو جىڭشى

▲ قىزلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا دەسمايە

بولالايدۇ. ئەمما مۇھەببەت شادلىقىغا كېپىللىك قىلالمايدۇ.

— ماخامان

▲ پەرداز چىرايىڭىزنى تۈزىگەن بىلەن پەزىلىتىڭىزنى تۈزىيەلمەيدۇ.

— سەن ماۋ

▲ ھەقىقىي گۈزەللىك قىز بىلەن يىگىتتە دەقىقە ئىچىدە چۇشىنىش ھاسىل قىلىپ، يەنە دەقىقە ئىچىدە ئۇلاردا ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىر خىل ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى بىز مۇھەببەت دەيمىز.

— جىبران

▲ گۈزەللىك ھەممە يەردە ئارزۇلىنىدىغان مېھماندۇر.

— گىيۇتى

▲ قىزلاردىكى ھۆسن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر. ھاياسىز يۈز جانسىز جەسەتكە ئوخشايدۇ.

— ئىبىن سىنا

▲ قىزلار سۆيگۈدە ئاقىلانە ۋە تەلەپچان بولغىنى ياخشى. مۇھەببەت قايناق ھېس - تۇيغۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئەقىل، دىت غوجايىنلىق قىلغىنى ياخشى.

— سۇخۇلۇمىنىسكى

## سۆيگۈ ھەققىدە

▲ سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش نېمىدېگەن بۇيۇك بەخت.

— چىخوپ

▲ سۆيگۈ مىسلىسىز قۇدرەتكە ئىگە. دۇنيادا ئۇنىڭ غېمىگە ئوچراشتىن ئېغىرراق جازا يوق. ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئارتۇق بەختمۇ يوق.

— شېكىسپىر

▲ سۆيگۈ ئۆزىدە ئىنساننىڭ ھەممە ياخشى پەزىلەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

— بالزاك

▲ ھەقىقىي سۆيۈش ئۆزى ھەققىدە ئويلاشنى ئۇنتۇشتۇر.

— رۇسسو

▲ ساختا سۆيگۈ نەپرەتتىنمۇ يامان.

— پىلىنى

▲ ئانچە سۆيمىگەن ئادەملا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىنزاھلاپ بېرەلەيدۇ.

— پېتراركا

▲ سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەققىدە ھەممىگە جار سالغان ئادەم — ئىشقى يوق ئادەم.

— شېكىسپىر

▲ سۆيۈش — ئۆز سۆيگۈنىنىڭ ھاياتى بىلەن ياشاش دېمەكتۇر.

— لېف. تولىستوي

▲ ئىشق قايغۇغا ئايلانغاندا، ئاشىقنى ساداقەتمەن قىلىدۇ.

— سەككاكى

▲ ئىشق ئەھلى بولغان كىشىلەر بىھۇدە گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

▲ جاپادىن قاچقان ئاشىق ئەمەس.

— موللا ئەلەم شەھيار

▲ مەشۇق ئۆز ئاشىقىنى جان بىلەن سىنايدۇ. ئىشىق يولىدا جان بېرەلىگەن كىشىلا ھەقىقىي ئاشىق ھېسابلىنىدۇ.

— مۇھەممەدئىمىن خىرقىتى

▲ ھېچ كىشى مۇشەققەت چەكمەي يار ۋەسلىگە يېتەلمەيدۇ.

— نۆبىتى

▲ ھەسەل بىلەن شاراپ ھىجران بىلەن ۋىسالغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنى تېتىپ كۆرمىگەن كىشى قايسى تاتلىق، قايسى ئاچچىق، بۇنى نەدىن بىلسۇن؟

— ئەلىشىر نەۋايى

▲ مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق.

— ئابدۇقادىر داموللام

▲ ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ نىگىزى ئۇنىڭ چىرايلىق خۇلقىدۇر.

— خورزەمى

▲ شېرىن سۆزلۈك ۋە مۇلايىملىق بالانى قايتۇرۇشقا قادىر.

— بەرخۇدار ئىبن مەھمۇد

▲ بىر قول ئىككى ئىشنى قىلالماس زىنھار، بىر دىلغا سىغمايدۇ ھەرگىز ئىككى يار.

— ئابدۇراخمان جامىي

▲ سۆيگۈ ھايات يولىنى تەكشى قىلالمىسىمۇ، سەپەرنى مەنىلىك قىلىدۇ.

— روبىرت

▲ سۆيگۈگە غەرق بولغان ئادەم خۇددى ۋارونكىغا ئوخشىشىدۇ — قەلبى لىق، كاللىسى قۇرۇق.

— خېربىرېت

▲ سۆيگۈدىن مۇنداق بىر ھېكمەتنى يەكۈنلىدىم: ئېرىشىشتىن بۇرۇن ئىلتىماس، ئېرىشكەندىن كېيىن بۇيرۇق.

— شېكىسپىر

▲ قىزنىڭ سۆيگۈنى شېئىر، چوكاننىڭ سۆيگۈنى پەلسەپە.

— چاڭ گۇچۇەن

▲ كەمچىلىكىڭىزنى بىلمەسلىكتىن ئەنسىرىمەڭ، بىر قېتىم

192

مۇھەببەتلىشىپ ئايرىلغاندا قارشى تەرەپ كەمچىلىكىڭىزنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ بېرىدۇ.

ــ تۇ شۇگاڭ

▲ بىر ئادەمنى قىسمەن سۆيسىڭىز سۆيمىگەنگە باراۋەر.

ــ جونسون روك

▲ سۆيگۈدە ئويغاق تۇرغۇچى مەڭگۇ سۆيەلمەيدۇ.

ــ ۋېلىد

▲ ھەقىقىي سۆيگۈدە توختاۋسىز سوراق، ئاگاھلاندۇرۇش، تېڭىرقاش ھەم ئىچ ئاغرىتىش بولمايدۇ. بەلكى، بىللە مېڭىش بولىدۇ.

ــ نىچشى

▲ كىشىلەرنىڭ ئېگىلىشى تەس بولغىنى سۆيۈش ماھارىتى ئەمەس، سۆيۈلۈش ماھارىتى.

ــ دائۇدېت

▲ سۆيگۈ گۇلدۇرماملىق يامغۇرغا ئوخشىشىدۇ. تېز كېلىپ، تېز كېتىدۇ. قالغىنى نەمخۇش ھاۋا.

ــ ۋاڭ شياۋبو

▲ سۆيگۈ كەپتەرگە ئوخشىشىدۇ. بەك چىڭ تۇتسىڭىز ئۆلۈپ قالىدۇ، بوش تۇتسىڭىز ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ــ شې مۇرۇڭ

▲ بىراۋنى سۆيگەن ئىكەنسىز، قايتا باشقىلارغا سېلىشتۇرماڭ.

ــ شې مۇرۇڭ

▲ مۇھەببەتتە قەلبتىكى ئىختىيارىڭ بولىدۇ. ئۇنى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن سۆيمەي، بەلكى مەن ئۇنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ ياخشى.

ــ بىكون

▲ سۆيگۈ ــ ئازابنى كاپالەت بېرىپ ئارىيەت ئالغان بەختتۇر.

ــ بىكون

▲ ئازابنى ھېس قىلمىغان سۆيگۈ ھەقىقىي سۆيگۈ ئەمەس، بەختنى ھېس قىلمىغان نىكاھ نادامەتلىك نىكاھتۇر.

— بىكون

▲ سۆيگۈ قارىغۇ، نىكاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ.

— ئىبسېن

▲ ياشلار بىغەم، سۆيگۈدىن بەھرە ئالىدۇ. ئوتتۇرا ياشتا ئاچ كۆز، سۆيگۈ ئىستەيدۇ. قېرىغاندا تىنچ ھالدا سۆيگۈنى ئەسلەيدۇ.

— ئىبسېن

▲ سۆيگۈ پاناھگاھ ئەمەس. پاناھلىنىمەن دېسىڭىز ھەيدەپ چىقىرىلىسىز.

— پىكاسو

▲ ھەقىقىي سۆيگۈ ئەر ئارقىلىق دۇنيانى كۆزىتىدۇ. ساختا سۆيگۈ ئەر ئۇچۇن دۇنيادىن كېچىدۇ.

— پىكاسو

▲ سۆيگۈ بىر خىل تۇيغۇ، ئۇنى باشتىن كەچۈرگەنلەر تولا. ئەمما، ھۇزۇرلانغانلار بەك ئاز.

— جو گوپىك

▲ سۆيگۈ خۇددى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇلۇلە قېپى، ئەڭ چوڭ، ئەڭ چىرايلىقىنى تەرمەي، ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرغىنىنى تېرىڭ ـ دە، بۇ ساھىلغا ئىككىنچىلەپ بارماڭ.

— جو گوپىك

▲ سۆيگۈ ئىككى كىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە تىكىلىشى ئەمەس، ئىككى كىشىنىڭ بىر نىشانغا تىكىلىشىدۇر.

— جو گوپىك

▲ سۆيگۈ ۋاقىتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ۋاقىتمۇ سۆيگۈنى ئۇنتۇل-

ـدۇرىدۇ.

ــ جۇ گۇپىڭ

▲ سۆيگۈ كۆلۈمسىرەشتىن باشلىنىپ، سۆيۈشتە يېتىلىپ، كۆز ياش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ــ جۇ گۇپىڭ

▲ سۆيگۈ ياپراققا ئوخشىشىدۇ، سىز بىلمىگەندە ياپيېشىل بولىدۇ، تاقەت قىلىسىڭىز بىخ چىقىرىدۇ.

ــ ئېمىرسۇن

▲ سۆيگۈ ئاچارچىلىقتىن ئەمەس، بەلكى ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىقىدىن ئۆلىدۇ.

ــ جۇ دىيۇڭ

▲ مۇھەببەت سىغىز كەمپۇت چاينىغان دەسلەپكى ۋاقىت، نىكاھ بولسا ئاخىرقى ۋاقىت.



ــ جۇ دىيۇڭ

▲ سۆيگۈ سۈرەتكە ئوخشىشىدۇ. سۈرەتنى يۇيۇش ئۈچۈن قاراڭغۇ ئۆي كېرەك.

ــ جۇ دىيۇڭ

▲ سۆيگۈ خۇددى شاياتۇنغا ئوخشاش ئەرلەرگە يالغانچىلىقنى، ئاياللارغا بولسا يالغان نازاكەتنى ئۆگىتىدۇ.

ــ جۇ دىيۇڭ

▲ سۆيگۈ ۋە ئۇرۇشتا ئادالەتلىك ياكى ئادالەتسىزلىك دېگەن گەپ بولمايدۇ.

ــ جۇ دىيۇڭ

▲ ئالەمدە سۆيگىنىڭنىڭ چىرايىدىن گۈزەلرەك چىراي، ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ يېقىملىقراق مۇزىكا يوق.

ــ لابىريۇيېر

▲ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا

مۇتلەق زېرىكمەسلىكنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۇزۇكسىز رەۋىشتە ئۆزلىرى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ.

— لارۇشفۇكو

▲ ھەممە ئاۋازلار ئىچىدە ئەڭ تاتلىقى — بىر سۆيگەن ئايالنىڭ ئاۋازىدۇر.

— لايىريۇبىر

▲ سۆيگۈ خۇددى ئوتقا ئوخشاش تىنىم تاپمايدۇ. ئۈمىدسىزلىك ياكى قورقۇش ھالىتىگە چۈشكەن ھامان ئۆچىدۇ.

— لارۇشفۇكو

▲ سۆيۈش — بىر - بىرىگە قاراش ئەمەس، بەلكى بىرلىشىپ بىر تەرەپكە قاراش دېمەكتۇر.

— ئەكزۇپېرى

▲ دوستلۇق، يولداشلىق، ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئومۇملىقىدىن مەھرۇم بولغان سۆيگۈ نادانلارچە سۆيگۈ.

— ئوستوۋىسكى

▲ نۇرغۇن قىزلار يىگىت قەلبىنى ئۆتنە ئالالايدۇ. ماھىيىتى ئاز ساندىكى قىزلار يىگىت قەلبىنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

— جىبران

▲ سۆيگۈ چېچەك كېسەللىكىگە ئوخشايدۇ. قانچە كېچىكىپ چىقسا شۇنچە خەۋپلىك.

— د. جىرلۇد

▲ ئىشق ئۆچمەس بىر مەشئەلدۇر، ئۇنىڭدىن ئالەم نۇرلىنىدۇ.

— ئەلىشىر نەۋايى

▲ قېرىغاندا مۇھەببەتسىز ياشىغان ئادەم ياشلىقىدىمۇ سۆيگۈنى بىلمىگەن ئادەمدۇر، چۈنكى مۇھەببەت ياش تاللىمايدۇ.

— جون بول

▲ بىر كۆرۈپلا تۇغۇلغان مۇھەببەتنىڭ داۋاسىنى تېپىش

بەكمۇ قىيىن.

— لابىرىيۇبىر

▲ سۆيگۈدىن كېيىن ھېچنەرسىنى كۆرمەيمىز.

— لۇئى. ۋىكا

▲ ئىززەت ـ ھۆرمەتسىز سۆيگۈ ئۇزاققا بارمايدۇ، يۈكسەك- لىككە كۆتۈرۈلمەيدۇ.

— ئا. دىيۇما

▲ ۋاپاسىز مۇھەببەتمۇ، دوستلۇقمۇ، ھەممەتمۇ بولمايدۇ.

— ژ. ئاندىسۇن

▲ ئەگەر كىمكى بىۋاپادۇر، ئاڭا كۆڭۈل باغلاش خاتادۇر.

— ئەلىشىر نەۋايى

▲ سۆيگۈسىز ھايات ھايات ئەمەس. سۆيگۈسىز ھايات ئۆتكۈ- زۈش مۇنداقلا ھايات ئۆتكۈزۈشتۇر. سۆيگۈسىز ياشاش مۇمكىن ئە- مەس. دەل شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئادەمگە يۈرەك بېرىلگەن.

197

— گوركى

▲ سۆيگۈ — بۈيۈك سۆز. ئۇنى تۇغۇلۇش گارمونىيەسى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭسىز ھايات يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئا. گىرتىسىن

▲ سۆيگۈ ئىنسان قەلبىدىكى ھايات بەخش ئوتتۇر. شۇ تۈيغۇ سەۋەبىدىن ئادەم ۋە ھەممە نەرسە ھايات ۋە گۈزەللىك بىلەن يۇغۇ- رۇلىدۇ.

— شىۋ چىنكو

▲ سۆيگۈ — ياشاش ئارزۇسىدۇر.

— گوركى

▲ پەقەت سۆيگەن كىشىلا ئىنسان دېگەن نامغا مۇناسىپ.

— ئا.بىلوك

▲ ئەڭ ئەقىللىك ئەر سۆيگۈ ۋاقتىدا ئەخمەققە ئايلىنىدۇ؛ ئەڭ

تەنتەك قىز بولسا سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولغاندا ئەقىللىق بولۇپ قالىدۇ.

— م.ساقىر

▲ ھېچقانداق نەرسە ئەر يۈرىكىنى سۆيگۈ تۇيغۇسىدەك كۈچلۈك رام قىلىپ يۇمشىتالمايدۇ.

— گ. سېكىنىۋىچ

▲ سۆيگۈ شۇنداق بىر ئۇلۇغ تۇيغۇكى، ئۇ ئاجايىپ ياخشىلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، يېڭى ئادەملەرنى بەرپا قىلىدۇ، ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي بايلىقلارنى يارىتىدۇ.

— ماكارىنكو

▲ سۆيگۈ خۇددى چۈشكۈرۈشكە ئوخشايدۇ، چۈشكۈرمەن دېگەندە چۈشكۈرەلمەيسىز، كۈتمىگەندە چۈشكۈرىسىز.

— بىرىنىڭ سۆيگۈ مەكتۇبىدىن

▲ سۆيگۈ بىزنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلىشىمىز.

— بىرىنىڭ سۆيگۈ مەكتۇبىدىن

## مۇھەببەت ھەققىدە

▲ مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق، ئەمما نىكاھ ئۇنىڭغا بىر جۈپ كۆز ئاتا قىلغان.

▲ بەزىدە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدىن ۋاز كېچىش ئادەمنى بەختكە باشلاپ بارىدۇ.

▲ مۇھەببەتنى مۇھەببەتلا ئۇنتۇلدۇرالايدۇ، ۋاقىت بولسا جاراھەتنى ساقايتالايدۇ.

▲ بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشەلىگەن كىشى ئەڭ بەختلىك، بىر كىشىنى چىن دىلىدىن سۆيەلىگەن كىشى تېخىمۇ بەختلىك.

▲ مۇھەببەت بىر مۇڭلۇق ناخشا، ئەمما ئۇنى ئېيتماق ئۇنچە

ئاسان ئەمەس.

▲ سىنىڭ ئەقىدەڭ سىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلار تەرىپىدىن خارلىنىپ قالسا سەن ھەرگىز ئەپسۇسلانما، چۈنكى سەندە ئەقىدىلا بولىدىكەن، سەن چوقۇم بەخت تاپالايسەن.

▲ زىمىستاندىن قاقشىغان ئادەمنىڭ باھاردىن ھۇزۇرلىنىشقا ھېچقانداق ھەققى يوق.

▲ قوغلىشىپ ئېرىشكەن مۇھەببەت گۈزەلدۇر، تەبىئىي ئېرىشكەن مۇھەببەت تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

▲ سۆيۈلگەن چېغىڭىزدا باشقىلارنى سۆيۈپلا قالماي، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇڭ.

▲ مۇھەببەتتىكى ئەخمەقلىق ھامان تاتلىق بولىدۇ.

▲ يىگىتلەر قىزلارنىڭ كۆزىگە قاراپ گۈزەللىك ئىزدىسە، قىزلار يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ ۋاپادارلىق ئىزدەيدۇ.



▲ يىگىتلەر قىزلارنىڭ تۇنجى سۆيگۈنى بولۇشنى ئويلايدۇ، قىزلار بولسا ئۆمۈرلۈك سۆيگۈنى بولۇشنى ئويلايدۇ.

▲ يىگىتلەر قىزلارنى يىراقلارغا كېتىش ئارقىلىق سىنايدۇ، قىزلار بولسا دېيىشكەن جايغا ۋاقتىدا بارماي سىنايدۇ.

## سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۈنچىلىرى

▲ ئىشق ــ ئىنسان باللىرىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇز. ئىنسانىيەت تاج ـ تەختىنى زىننەتلەيدىغان گۆھەردۇر. ئۇ بىر قۇياشتۇركى، غەمكىن كۆڭۈللەر باياۋانى ئۇنىڭ بىلەن گۈلشەن؛ ئۇ پارلاپ تۇرغان تولۇن ئايدۇركى، زۇلمەت كېچىلەر ئۇنىڭ بىلەن روشەن.

ــ ئەلىشىر نەۋايى

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئەڭ نازۇك مايسىنىڭ تاشتەك يەرنى،

قىيالار باغرىنى يېرىپ، بىخ سۇرۇپ چىقىشىغا ئوخشايدۇ. قايسى خەنجەر، قايسى گۇرزە، قايسى نەيزە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت كۆچىگە تەڭ كېلەلىگەن؟ ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ــ گ. تۇرا

▲ تەربىيە كۆرگەن بىر كىشى كۆڭۈللۈك نىكاھقا ئېرىشمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپ پۇتۇنلەي باراۋەر ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلاشماسلىقى، ئىككى تەرەپنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئەڭ مۇكەممەل يېقىن دوستلۇقىنى ساقلىشى، قىممەت قارىشى يېقىن بولۇشى لازىم.

▲ مەڭگۈلۈك ھەمراھ تېپىش ئۈچۈن كۆپرەك ئويلىنىش كې-رەك. ھېسسىياتقا بېرىلىپ قايمۇقۇپ قالماسلىق لازىم. مەھبۇب-لەرنىڭ كۆزقارىشى توي قىلغاندىن كېيىنلا ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭغا سىزمۇ ئىشەنمەي قالىسىز. ئالدى بىلەن بۇنى ئويلاشمىسىڭىز ئۆ-مۈرلۈك ئازابقا قالىسىز.

▲ قىزىڭىزنى بىر ياخشى ئەرگە بەرسىڭىز، بىر ياخشى ئو-غۇلغا ئىگە بولىسىز؛ ئۇنداق بولمىسا بىر قىزىڭىزدىن ئايرىلغان بولىسىز.

## قىزلار ۋە سۆيگۈ ھەققىدە ماقال ـ تەمسىللەر

▲ يارنىڭ سۇرىتىگە قارىما، خۇلقىغا قارا.
▲ ياخشى يارنى يامان كۇندە سىنا.
▲ سۆيمەك ئاسان، كۆيمەك تەس.
▲ ئاشىقنىڭ بىلەن بولساڭ كەپىمۇ جەننەتتىن قېلىشمايدۇ.
▲ چىراي كۆيدۇرەر، خۇلق سۆيدۇرەر.
▲ چىرايلىق قىز يۇرتنىڭ چىرىغى.

▲ سوقۇر بولسىمۇ تۇز چىرايلىق، چوقۇر بولسىمۇ قىز چىرايلىق.
▲ قىز بالا ئۆي زىننىتى.
▲ قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا.
▲ ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال.
▲ قىزنىڭ سۆيگىنىگە ئىشەنمە، كۆيگىنىگە ئىشەن.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

«ئىشق ـ مۇھەببەت پەلسەپىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«ئاياللار دۇنياسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇڭ»، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«بەختىڭىز جۇلالانسۇن»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«ئاياللار ھەققىدە ھېكمەتلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«1001 ھېكمەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«پاراسەتنامە» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«خانىم ـ قىزلا نازاكىتىنىڭ سىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

«ئەي قىز ئاگاھ بولۇڭ»، «قىزلار دەستۇرى»، «خانىم ـ قىزلارغا 100 مەسلىھەت»، «خانىم ـ قىزلارغا 200 مەسلىھەت»، «قىزلار مەخپىيىتى»، «بالدۇر بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ھاياتلىق»، «تەرمىلەر» ژۇرناللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»،

«تەڭرىتاغ»، «ئىز»، «ۋارىسلار»، «ئەپچىلەم»، «يۇرتىمىز»، «بىلگىيار»، «گۈلدىيار»، «سۈبھى»، «تىز چىن»، «ئىزدىنىش»، «ياشلىما»، «كەلگۈسى»، «رولچى»، «شاخلان»، «زەم - زەم»، «ئىلى ئالمىزار»، «ئۇيغۇر لىنىيە» قاتارلىق تور بەتلىرىدىن ئېلىنغان ھېكمەت، ماقالە - ئەسەرلەر.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马土谱热克
　　　　　阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：热娜·巴克
责任校对：阿丽亚·买买提
封面设计：吾不力卡斯木·艾买提
板式设计：阿依努沙·吾布力
制　　版：麦尔甫·吾布力

健康快车系列人生指南丛书

**女人与爱情**（维吾尔文）

吾布力阿西木·卡斯木　编

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　6.875印张
2013年2月第1版　2013年2月第1次印刷

ISBN978-7-5466-1303-1（民文）　定价：24.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ئوبۇلقاسىم ئەمەت




- هايات ھەقىقەتلىرى
- تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى
- يىگىتلەر ۋە مۇھەببەت
- قىزلار ۋە سۆيگۈ
- ئەرلەر ھەققىدە پاراڭلار
- ئاياللار ھەققىدە پاراڭلار
- ئاتا - ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش
- ئادەم ۋە كىشىلىك

ISBN 978-7-5466-1303-1

9 787546 613031 >

定价:24.00 元